# مەمەت ئاۋاق ھەققىدە پاراڭ

Memet Awaq Heqqide Parang

ئابدۇرېھىم ئابلەتخان

ئەسەر مەنبەسى : چەۋەندازلار بلوگى




مەن ئىلگىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، ياشار كامالنىڭ "مەمەت ئاۋاق" ناملىق رومانىنى ئوقۇغان ئىدىم. دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى بۇ بىباھا رومان ماڭا ئانا تەبىئەتنىڭ مېھرىنى، ئىنسان روھىنىڭ ماھىيىتىنى ئەڭ يېقىن شەكىلدە تونۇتقان ئىدى.

رومانىنى ئوقۇغان كىتاپلىرىم ئىچىدىكى ئەڭ نادىر رومان ھىساپلايتتىم. مەزكۇر رومان ھازىر مېنىڭدىمۇ يوق. شۇنداقلا خەلقىمىز ئارىسىدىنمۇ تاپقىلى بولمىدى. ياشانغان ئاپامغا بىر ئوقۇپ بەرسەم دىگەن

ئارزۇيۇم بۇگۈنگە قەدەر ئەمەلگە ئاشمىدى. شۇڭا روماندىكى ۋەقەلەرنى ئېسىمدە قالغانلىرى ئاساسىدا ئاپامغا سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن يېزىپ چىقتىم.

ئاپتور ياشار كامال ۋە تەرجىمان تۇرسۇنئايىنىڭ بۇ ئېغىر خاتالىقىمنى كەچۈرىشىنى ئۈمۈت قىلىمەن. ئۇلارنىڭ بىزگە قالدۇرغان مەڭگۈلۈك ئەمگەكلىرىگە خۇدادىن رەھمەت تىلەيمەن.

بۇگۈن ئالدى بىلەن رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمىنى سۆزلەپ بەردىم. ئىنشائاللاھ قالغان ئۈچ قىسمىمۇ داۋاملىق سۆھبىتىمىزدە بولغۇسى.

قېنى ئەمسە يىللارنىڭ چاڭ-توزاڭلىرى ئاستىغا كۆمۈلگەن ئەشۇ ۋەقەلەرنى ئەسكە ئالايلى.......

******

تامنىڭ تۈۋىدە رەسىمگە تارتتى،

ئاق قەغەز ئۈستىدىن تونۇڭلار مېنى.

بۇنىڭدىن يۈز يىللار، ياق يۈز يىل چىقمايدىكەن. ئىككىنچى جاھان ئۇرىشىدىن كېيىنكى ۋاقىتلار ئىكەن. تۈرك دۇنياسىنىڭ ئاۋۇ چېتىدىكى ئاق دېڭىز دەيدىغان دېڭىزنىڭ بويلىرىدا. بۇ ئاق دېڭىز خەرىتىدىكى قارا دېڭىز شۇمىكىن دەيمەن. خەرىتە دىگەن قىززىق نىمە . ھەپتىلەپ قارىساڭمۇ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇرۇق-تۇققانچىلىقنىڭ، ئورتاق ھېسداشلىقنىڭ خەرىتە بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. شۇڭا بۇ ھىكايىغا خەرىتىنى ئارىلاشتۇرمايلى.

گېپىمىزگە كەلسەك شۇ ئاق دېڭىزنىڭ قىرغاقلىرىدا، تورۇس تاغلىرىدا ، چوقۇر ئوۋا ۋىلايىتىدە شۇنداق ۋەقەلەر بولۇپتىكەن. بۇ ۋەقەلەرنىڭ بۇگۈنگىچە كېلىشىدىكى سەۋەپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قاراقچى، مەمەت ئاۋاق دىگەن ئاجايىپ بىر قاراقچى بار ئىكەن .........

تورۇس تاغلىرىنىڭ ئېتىگىدىكى چوقۇر ئوۋا دىگەن ۋىلايەتتە دىكەنلى دەيدىغان بىر تۈزلەڭلىك بار ئىكەن. تۈزلەڭلىكتە تۇرۇپ تورۇس تاغلىرىغا قارىسا ئۇنىڭ قارلىق چوققىسى قول ئۇزارتسا يەتكۈدەك يەردىلا كۆرۈنىدىكەن.

چوقۇر ئوۋانىڭ تىكەنلىرى توپان بالاسىدىن كېيىنكى چاغلاردىكىدەكلا شۇنداق قويۇق ئۆسىدىكەن. دىكەنلى دىگىنى تىكەنلىك دىگىنىمىز شۇغۇ. توغرا تىكىنى بەك جىققەن.

بۇنداق تىكەنلەر بۇرۇن بۇ يۇرتلاردىمۇ نۇرغۇن ئىدى. يۇرتنىڭ ئەتراپىدا كۆز يەتكۈسىز ئىدى. تىكەنلىكلەردىن ئۆتكەندە ئۇستى تەرىپى قارا-ئالا تاشلىق، ئاقچۇق سېيى بىلەن تۈتاش سايلىقلار ئىدى. ئۇ سايلىقتىن ئۆتكەندە تەڭرى تاغلىرىنىڭ يېنىغا بارغىلى بولاتتى. يېزىمىزدا تۇرۇپ تەڭرى تېغىغا قارىسا ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك ئاق باش چوققىسى قول سۇنسا يەتكۈدەك يەردە كۆرۈنەتتى. ھەممە يېزا شۇ ھەيۋەتلىك ئاق باش چوققىنىڭ، يۇرتنىڭ بەرىكىتىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ۋە بۇ تەرىپىگە جايلاشقان ئىدى.

ھازىر بۇنداق تىكەنلەرنى بۇ يۇرتلاردا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. يەر ئېچىش بالاسى بىلەن بۇنداق تىكەنلەر تامامەن يوقالدى. تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئاق چوققىسىمۇ بۇرۇنقىدەك قول سۇنسا يەتكۈدەك يەردە ئەمەس. ئاخىرقى ئاق مۇزلۇق مۇشتۇمدەك كىچىككىنە كۆرۈنىدۇ. خۇددى ئەتە ياكى بۈگۈن كەچقۇرۇنلا يوقاپ كېتىدىغاندەك.....

دىكەنلى تۈزلىڭىدىكى بەش يېزا ئابدى ئاغىنىڭكەن. يەرلىرى ئابدىنىڭ، سۇلىرى ئابدىنىڭ ، ئادەملىرى ئابدىنىڭ، ھاۋاسى بىلەن قۇرۇت-قوڭۇزلىرىمۇ ئابدى ئاغىنىڭكەن. يېزا دىگەندە يېرى يوق ئادەمنىڭ ھېچنىمىسى بولمايدۇ. يېرىڭ بولمىسا ئوزۇقۇڭ بولمايدۇ. باقىدىغان كالا-قويلۇرۇڭ بولمايدۇ. يەرنىڭ ئاستىدىكى قۇرت-قوڭۇز بىلەن ئۇستىدىكى ئاسمان ھاۋامۇ سېنىڭ بولمايدۇ.

بەش يېزا ئېچىدىكى دەگىرمەن ئولۇك يېزىسى ھەممىدىن چوڭكەن. ئۇ چەتتىكىلەر تۈگمەننى دەگىرمەن دەيدىكەن. بىز تەرەپتىكىلەر تۈگمەن دەيمىز. ئوتتۇرىدىكىلەر تېگۈرمەن دەيدۇ. ئىشقىلىپ ئۈستىخنى بىرنىڭ تىلىمۇ بىر .

ئابدى ئاغا دەگىرمەن ئولۇكتە تۇرىدىكەن. بىز سۆزلىمەكچى بولغان مەمەت ئاۋاق شۇ يېزىدا تۇغۇلۇپتىكەن. مەمەت ئاۋىقىمىز، گۆر ئوغلىدەك گۆردە تۇغۇلماپتىكەن. ئۇنى ئاپىسى دۆنە ئۆزىنىڭ ئەسكى ئۆيىدە تۇغۇپتىكەن. دادىسى ئىبراھىم بولسا مەمەت كىچىك چېغىدا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. ئىبراھىم شۇنداق بىر مۆمىن بولۇپ، قۇرۇتقىمۇ ئازار بەرمەيدىكەن. مەمەتمۇ ئاتا بالىسى بولغاچقا تۇغۇلۇشتا يۈۋاش تۇغۇلۇپتۇ.

بىزنىڭ قاراقچىمىزغا، دادىسى مەمەت دەپ ئىسىم قويغان ئىكەن. ھەرگىزمۇ ئافراسىياپ، تۇران، چىڭگىزخان.... دىگەندەك ھەيۋەتلىك ئىسىملارنى قويماپتىكەن. ئىسىم دىگەن ھېچنىمە ئەمەس. بالىنىڭ دادىسى ئابروي خۇمارنى باسىدىغان نەرسىغۇ-ئۇ. مەمەت دىگەن ئىسىم ھەيۋەتلىك ئەمەسكەن. ئەمما مەمەت ئۆزى ھەيۋەتلىك ئادەم بوپتۇ.

دادىسى ئىبراھىم ئۆلۈپ كەتكەندە ئابدى ئاغا ئۇلارنىڭ يېرىنى، ھەممە نىمىسىنى تارتىۋاپتۇ. ئابدى ئاغىنىڭ نۇرغۇن يوللۇق سەۋەپلىرى بار ئىكەن. باشقىلارنىڭ يېرىنى ھەر-خىل ئاماللار بىلەن تارتىۋالىدىكەن. تۇل خوتۇنلارنىڭ يىتىم ئوغۇللارنىڭ يېرىنى تارتىۋېلىش ھەممىدىن ئاسانكەن.

بۇ چاغلاردا ئابدى ئاغىدەك ئادەملەر ئۇ يەرلەردە جىققەن. بۇ يەردىمۇ نۇرغۇن ئىدىغۇ. ئىلگىركى ۋاقىتلاردا قازاننىڭ قۇلىقى ئەشۇنداق يۇرتلاردىمۇ تۆت بوپتىكەن.

ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ تېنچلىق دەۋرى كەلگەندە يەر بايلىق بولىدىكەن. ئىلگىرى ۋەتەن ئۈچۈن دۈشمەندىن يەر تالىشىپ ئۇرۇشقان ئەسكەرلەر، ئەمدى يەر ئىگەللەپ بېيىش ئۈچۈن دىخانلىرىدىن تالىشىدىكەن. ئابرۇيىغا تايىنىپ تارتىدىكەن. ئىلگىرى بىر سەپتە تۇرغان ھوقوقدار تونۇشلىرى ئارقىلىق تارتىدىكەن. تارتىۋالايچۇ دىسەڭلا ئامال تولا. تارتىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يېرىنى تارتىۋېلىش قانچىلىك ئىشتى.

مەمەتلەرنىڭ يېرىنىمۇ تارتىۋالغاچقا ئۇلارنىڭ جان باقىدىغان ھېچنىمىسى يوقكەن. شۇڭا يېرىنى تارتىۋالغان ئابدى ئاغىنىڭ دىخانچىلىقىنى قىلىدىكەن. ئوتاقچىلىقىنى قىلىدىكەن. باش كۆتۈرمەي ئىشلەيدىكەن. كۈن ئولتۇرىۋاتامدۇ ياكى ئاي ئولتۇرىۋاتامدۇ كارى يوق ئىشلەيدىكەن. مەمەت يېزىدىكى ئەڭ ياخشى پالۋانكەن. ئۈچۈۋاتقان قۇشنىڭ كۆزىگە ئاتالايدىكەن. ئابدى ئاغىنىڭ ئاسماندىكى

زىمىندىكى ياۋايى جانلىقلىرىنى ئوۋلاپ ئۈنىڭغا تاپشۇرىدىكەن. ئۇ دىگەن ئىبراھىمنىڭ بالىسى تۇرسا. شۇنداق ئىشلەپ ئاغىنىڭ قولىدىن ئالغان نەچچە تال دان بىلەن تۇل ئانىسى ئىككىسى جان ساقلايدىكەن. بىراق ئۆزۈن قىشنىڭ يامان يېرى كەلگەندە شۇ نەچچە تال دانىمۇ قالمايدىكەن. مەمەتلەرنىڭ ئوزۇقى يەتمەيدىكەن. بىر ھىكايىدە بارغۇ. ئوغۇزخان ئانىسىنى ئەممەي خام گۆش يەپتىكەن. بىزنىڭ قەھرىمانىمىز مەمەتكە خام بولسىمۇ نەدە گۆش دەيسەن. تۇگمەن تۇۋۇدىكى ئۈندىن قىلغان قوتۇرماچلا باركەن. سۇيۇقلىقىدىن چىشنى ئاجراتماي سۇمۇرگىدەك يارما بار ئىكەن. ھەتتا شۇمۇ تويغىدەك يوقكەن. ئۈزۈلۈپ كېتەي دىگەن پوتىسىنى چىڭتىشۇېرىپ بېلىنى تاياقتەك قىلىۋەتسىمۇ ئوزۇق يەتمەيدىكەن.

چىللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئابدى ئاغىنىڭ يېنىغا بارىدىكەن. يالۋۇرۇدىكەن. قەرزگە ئوزۇق ئالىدىكەن. ئىشقىلىپ ئۆلۈپ قالماي شۇنداق ياشايدىكەن. ھەر يىلى شۇنداق ئۆتىدىكەن.

ئانىسى دۆنە" داداڭ بولسا ياخشى بولاتتى" دەپ قويىدىكەن. ئەمما دادىسى بار باللارمۇ شۇنداقكەن. ھەمملا ئادەم مەمەتلەردىن پەرقسىز ياشايدىكەن. پەرقى مەمەت بەك كىچىكلا ئېغىر ئەمگەككە كىرىپ قاپتۇ. شۇڭا بويى كىچىك، ئورۇقكەن. بۇنداق باللارنى بىز ئىنجىمارۇق دەپ قويىمىزغۇ. ھە شۇنداق ئىنجىمارۇق چوڭ بوپتىكەن.

ئابدى ئاغا چوڭلارنىغۇ ئۇرىدىكەن، باللارنىمۇ ھەر كۈنى ئۇرۇپ تۇرۇشقا ئامراقكەن. ئىشنى ياخشى قىلمىدىڭ، قۇشتەك ئۇچۇپ، مايمۇندەك تۇتۇپ ئىشلىمىدىڭ دەپ ئۇرىدىكەن.

مەمەت ئاۋاق يىلدا بىر ياكى ئىككى نۆۋەت ئابدى ئاغىغا گەپ ياندۇرۇپ قويىدىكەن. ئابدى ئاغا ئۇنى كۈندە بىر ياكى ئىككى نۆۋەت ئۇرىدىكەن. مەمەت تۇغۇلىشىدىن يۇۋاش بولسىمۇ بارا-بارا شۇنداق گەپ ياندۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئابدى ئاغىغا يىراقتىن، يەرنىڭ تېگىدىن قارايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئابدى ئاغا گەپ ياندۇرغانلارنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. يېزىنىڭ باشلىقىغا، چوڭغا گەپ ياندۇرغاننىڭ كۈننى بىلەمسەن. تازا تاياق يەيدىكەن. بەزىدە ئېتىزلىققا باغلاپ تاشلىۋېتىدىكەن. كېچىدە بۆرىلەر يەپ

كېتەي دىگەندە، ئانسى دۆنە كېلىپ قالىدىكەن. مەمەتنى يېشۈۋېلىپ ئەكىتىدىكەن.

مەمەت تۇغۇلۇپ، ياخشىلىق دىگەننىڭ تىرناقچىسىنى كۆرمەپتۇ. ئەمما تەلىيىگە يامانلىقنىڭ ھەممە نىمىسىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ كۆرمىگەن يامانلىقنىڭ تاياقتەك قاتتىقلىرى، ئاچلىقتەك ئاچچىقلىرى، شۇۋىرغان ۋە تومۇزدەك ئېچىتقۇلىرى بىرى قالماپتۇ. ئىشقىلىپ ھەممىنى كۆرۈپتۇ.

بۇ تەلەينى كىمدىن كۆرگۈلۈك ؟

ھېچكىمدىن. خۇدادىن خوشناڭدىن، كۆرگىلى بولمايدۇ دە. ئەمما مەمەت بۇنى ئابدى ئاغىدىن كۆرىدىكەن. ناماز ئۆتەپ زاكات بېرىدىغان ئۆچكە ساقال ئابدىدىن كۆرىدىكەن.

ئابدى مەمەتنى ئۇرۇشقا ھەممىدىن ئامراقكەن. بەكرەك ئۇرۇشقا ئىرىشىدىكەن. مەمەت چىدىماپتۇ. ئىبراھىم يۇۋاشنىڭ ئوغلى چىدىماپتۇ. يېزىسىنى، ئانىسىنى تاشلاپ يىراقلارغا قېچىپ كېتىشنى ئويلاپتۇ. ئابدىنىڭ تايىقى بارالمايدىغان يەرلەرگە كېتىشنى ئويلاپتۇ.

ئۇ قېچىپتۇ. بىر كۈن توختىماي قېچىپتۇ. كەسمە يېزىسىدىكى سۇلايماننىڭ ئۆيىگە قېچىپ بېرىۋاپتۇ. سۇلايمان ئادەم ئۇرمايدىكەن. مەمەت ئۇنىڭ ئۆچكىلىرىنى باقىدىكەن. سۈت ئىچىدىكەن. پىشلاق يەيدىكەن.كۆچە ئىچىدىكەن. ھەممىسىنى تويغىدەك، كىكىرىپ كەتكۈدەك ئىچىدىكەن، يەيدىكەن. مەمەت سەمرىپ كېتىپتۇ.....

مەمەتنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەپتۇ. يېزىلىقلار مەمەتنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ دىيىشىپتۇ. دۆنە ئىشىنىپ قاپتۇ. مەمەت قاچماقچى بولسا ئانىسىغا دەيتتىدە.

دۆنە ، قىيىنچىلىقتا زارلىمىغان دۆنە، ئاچلىق بىلەن زىمىستاندىكى سوغۇقتا پەرۋا قىلمىغان دۆنە زار-زار يىغلاپتۇ. مەمەت ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئاپتىۋى، تومۇرىدىكى قېنى، ئورۇق قاقشال تېنىدىكى جېنى تۇرسا بۇنىڭغا چىدىغىلى بولامدۇ. دۆنە ئۆرە يۈرىشىدىن تىرىكتەك، ئەمما ئىككى كۆزى ئۆلۈكتەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇ مەمەتنىڭ جەسىدىنى بولسىمۇ پۇرىۋالاي دەپ يۈرۈپتۇ. نەدە ئايلىنىپ يۈرگەن ساقارا كۆرۈنسە شۇ

يەرگە يۇگرەپتۇ. ئېقىن سۇنىڭ قايىنمىدىن جەسدى چىقىپ قالارمۇ دەپ كۇنلەپ ئولتۇرۇپتۇ. قايىنامدىن سۇ توختىماي بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرىدىكەن. ئەمما دۆنەنىڭ كۆزى قۇرۇپ كېتىپتۇ. ئازراقمۇ نەم قالماپتۇ.......

كەسمە يېزىسى بىلەن مەمەتلەرنىڭ يېزىسىنى بىر دۆڭ ئايرىپ تۇرىدىكەن. بىر قېتىم يېزىلىقى پانجار هۆسۈك مەمەتنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ئالدىراپ بۇ خەۋەرنى مەمەتنىڭ ئانىسىغا يەتكۈزۈپتۇ.

پانجار هۆسۈك مەمەتنىڭ تىرىكلىكىنى دۆنەگە دەپتۇ. يېزىلىقلارغا دەپ قويۇپتۇ. ئابدى ئاغا مەمەتنى تېپىۋاپتۇ.

سۇلايماننىڭ ئۆيىدىن ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەپتۇ. قىززىق يېرى ئۇ مەمەتنى ئۇرماپتۇ. ھەتتا تىللاپمۇ قويماپتۇ.

ئەمما ئۇرغاندىن تىللىغاندىن بەكرەك ئەدىۋىنى بېرىپتۇ.

ئابدى ئاغا يېزىلىقلاردىن تېرىغان ئاشلىقنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدىكەن. خۇددى ئۆشرىسىنى ئايرىۋالغاندەك كۈرىلەپ ئالىدىكەن. يۈز كىلو ئاشلىقنىڭ ئاتمىش ئالتى كىلوسىنى ئالىدىكەن. ئەمما دۆنەدىن بۇ قېتىم تۆتتىن ئۈچىنى ئاپتۇ. يۈز كىلو ئاشلىقنىڭ يەتمىش بەش كىلوسىنى ئاپتۇ. توققۇز كىلونى جىق ئاپتۇ. توققۇز كىلو ئاشلىق ئازمۇ. بۇ بىر ئائىلە بىر ياكى ئىككى ئاي يەيدىغان ئاشلىقتە.

دۆنەنىڭ ئۆيىدە ئۆزى بىلەن مەمەت ۋە بىر موزايلىق كالىسى بار ئىكەن. موزاي ئورۇق بولسىمۇ مەمەتتەك ساغلام ئىكەن. كالا شۇنداق ئاجىز بولسىمۇ دۆنەدەك تىرىك ئىكەن.

دۆنە كالا بىلەن موزاينى ئامالسىز ئابدى ئاغىغا ئازراق ئاشلىققا تېگىشىپتۇ. ئابدى ئاغا مەمەتلەرنىڭ مۇشۇ كالىسىنى ساقلاۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭغىمۇ ئېرىشىپتۇ.

دۆنە بىلەن مەمەت بۇ يىلمۇ ئۆلۈپ قالماي، تىرىك قاپتۇ. بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى قاراقچىمىز يەنىلا تىرىك قاپتۇ. ياراتقان ئىگىسى مەمەتنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈشىنى خالىماپتۇ..........

مەمەت بىر كۈنى ئاغىنىسى مۇستافا بىلەن شەھەرگە بېرىپتۇ. بۇ يېزىنىڭ ئادەملىرى سىرتقا چىقمايدىكەن. قىزىقمايدىكەن. قوساق تويمىغان ئادەمگە ئارتۇقچە خىيالنىڭ نىمە كېرىكى. ھەممىسى قۇرۇق ئىش.

ئەمما مەمەت بىلەن مۇستافا شەھەرگە يەنىلا بېرىپتۇ. بىر كۈن مېڭىپتۇ. يولدا ئۇلارغا پېشانىسىدە مېڭى بار بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ يېزىسىنى، ئابدى ئاغىسىنى پاراڭ سېلىپ بېرىپتۇ.

بۇ بوۋاي بىر زامانلاردا ئەخمەت چوڭ دەپ داڭ چىقارغان قاراقچى ئىكەن. بىر قېتىم ئابدى ئاغىنىڭ خوتۇننى باشقا قاراقچىلار بۇلاپ كەتكەندە مۇشۇ ئەخمەت چوڭغا پوتلىسىنى ئېقىتىپ يىغلاپ كەپتىكەن. ئەخمەت چوڭ ئادىمەتچىلىك قىلىپ ئابدىنىڭ خوتۇننى ئەكىلىپ بېرىپتىكەن. ئابدىنىڭ زۇلمىنى ئاڭلاپ بۇ ئىلگىركى قاراقچى ئابدى ئاغىنى تىللاپ كېتىپتۇ. بۇنداقلىقىنى ئىلگىرى بىلگەن بولسام ئۇ توخو يۈرەكنى شۇ چاغدا ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم. ئەشۇ قورقۇنچاق، يارىماس ئۈچكە ساقال بەش يېزىنى يەيدىغان يالماۋۇز بوپ كېتىپتۇ....ئىسست دەپتۇ.

مەمەت ھەيران قاپتۇ. مۇستافامۇ ھەيران قاپتۇ . ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم دىگەن سۆزنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى يېزىلىقلار بۇنداق گەپ تۈرماق خىيالمۇ قىلىپ باقماپتىكەن. ھەتتا ئابدى ئاغىنىڭ پوتلىسىنى ئېقىتىپ يىغلايدىغانلىقىنى، باشقىلارغىمۇ يالۋۇردىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەن.

باللار ئەخمەت چوڭدىن ئابدىنىڭ ئەدىۋىنى ھازىر نىمىشقا بەرمەيدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئەخمەت چوڭنىڭ ئاق ساقاللىق ئىڭىكى كۆكسىگە تېگىپتۇ. ئاق بېشى ئېگىلىپتۇ. خۇددى ئۆزىگە پىچىرلاۋاتقاندەك "ئەخمەت چوڭ ئۆلۈپ كەتتى. قاراقچى ئەخمەت چوڭ ئۆلۈپ كەتتى" دەپتۇ.

بامداتتا يېزىدىن ماڭغان مەمەتلەر خۇپتەندە شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ.

كېچىدە يېتىش ئۈچۈن بىر دەڭنى تېپىپتۇ.

دەڭدە ھەسەن ئون بېشى دەيدىغان بىر چار بازارچى بىلەن بىللە يېتىپتۇ. كېچىدە جىق پاراڭلار بولۇپتۇ. مەمەت ھەسەن ئون بېشىدىن بۇ شەھەرنىڭ ئاغىسى كىم دەپ سوراپتۇ. ھەسەن ئون بېشى شەھەرنىڭمۇ ئاغىسى بولامدۇ ؟ بۇ شەھەردە ئاغا دىگەن باي ئاكا دىگەن جىق . كىمنىڭ پۇلى بولسا شۇ ئاغا.

ھەممىسى ئۆزىگە ئاغا دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. مەمەتلەر ھەيران قاپتۇ. ئابدى ئاغىنى دۇنيادىكى بىر-دىن بىر ئاغا دەپ ئويلايدىغان ئادەملەر ھەيران قالمامدۇ ئەمىسە.

ھەسەن ئون بېشىنىڭ كۆرمىگەن يېرى قالمىغان ئىكەن. ماراش، كونيا ۋە ئۇ يەردە ئۆتكەن مەۋلانىنى، شامنى ،بېيروتنى ئەسىر چۇشۇپ بىرىپ قالغان كاپكازنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. نۇرغۇن ئادەملەرنى، مەمەتنىڭ يېزىلىقلىرى بىلمەيدىغان ھەتتا ئابدى ئاغىمۇ ھەيران قالىدىغان ئادەملەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

دۇنيانى دەگىرمەن ئۆلۇك، ئەڭ يامان ئادەمنى ئابدى ئاغا دەپ بىلىدىغان مەمەت ھەيران قاپتۇ. مەمەت جاھاندا ئابدى ئاغىلا بولماي، باشقا ئاغىلارنىڭمۇ بارلىقنى، ئابدىنىڭمۇ شۇلاردەك ئاددى بىر ئاغىلىقنى بىلىۋاپتۇ. مەمەتنىڭ نەزىرىدىكى ھەيۋەتلىك ئابدى ئاغا كىچىكلەپ ئادەتتىكى ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتۇ. پۇلى بار، يېرى بار. يولىسىزلىقنىلا بىلىدىغان، گاھىدا پوتلىسنى ئېقىتىپ يىغلايدىغان، باشقىلارغىمۇ يالۋۇرۇپ باقىدىغان ئاددى ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

مەمەتلەر شەھەردە كاۋاپ يەپتۇ. ئالتۇندىن ياسىغان تۇڭلاردىكى شەرۋەتلەردىنمۇ ئىچىپ بېقىپتۇ. ئانىسىغا ئىسسىق نان بىلەن ھالۋا ئاپتۇ. خەدىچەگە بىر ياغلىق ئاپتۇ. كۆلمەڭلەر. بۇ نامرات ئاۋاقنىڭ يېرىنى، كالىسىنى تارتىۋالغان بىلەن كۆڭلىنى تارتىۋالغىلى بولمايدۇ دە. مۇھەببەت دىگەن كونا كىيىم كىيەمسەن ياكى ئاچ-توق ياشامسەن چاتىقى يوقكەن. ياشلىق مەزگىلىگە كىرسەڭلا چاپلىشىدىكەن. ئەمدى شۇنىڭغىمۇ چىدىمامسىلەر.

خەدىچە ئوسماننىڭ قىزى ئىدى. ئوسمان شۇنداق يۇۋاش ئادەم. ئەمما خەدىچەنىڭ ئاپىسى بەك يامان، سوقۇشقاق ئايالكەن. يېزىدىكى ماجرا ئۇنىڭسىز قىززىمايدىكەن. خەدىچە بولسا چىرايلىقكەن. يۈزى تۆۋەنكەن. بىزنىڭ بۇ يۇرتلاردىمۇ يولدىشى يۇۋاش، ئايالى يامان ئۆيلەرنىڭ قىزلىرى شۇنداق ئوڭلۇق، نومۇسچان كېلىدۇ. چىرايلىق كېلىدۇ. خەدىچەمۇ شۇنداقكەن.

مەمەتلەر تاڭ ئاتارغا يېقىن يېزىسىغا قايتىپ كېلىپتۇ

ياغلىقنى خەدىچەگە بېرىپتۇ. شەھەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. خەدىچەنى، ئاپىسىنى ئېلىپ شەھەرگە قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. خەدىچەگە ئون كۈندىن كېيىن ئون بىرىنچى كۈنى قېچىشنى ئېيتىپتۇ. كېيىنچە

باشقا خوشنىلىرىنىمۇ شەھەرگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىشىنىمۇ ئۇنۇتماپتۇ. ئاخىرى ئابدى ئاغا يېزىدا يالغۇز قالىدىكەن. تېرىقچىلىق قىلالماي ئاچلىقتىن ئۆلىدىكەن..... مەمەتنىڭ كۆز ئالدىغا ئابدى ئاغىنىڭ ئاچلىقتىن تىترەپ يىقىلىپ قالغانلىقى كېلىپتۇ.....ئىچىدە، خۇدا جاجاڭنى بېرىدىغۇ دەپ كۈلۈپ قويۇپتۇ. ئاپىسىغىمۇ شەھەر توغرىلىق سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاپىسى دۆنە شەھەر توغرىسىدا نۇرغۇن ئادەملەردىن ئاڭلىغان ئىكەن. ھىچكىم مەمەتتەك چىرايلىق سۆزلەپ بەرمەپتىكەن. دۆنە مەمەتنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قاپتۇ. شەھەرنى بۇنداق چىرايلىق سۆزلىگەن ئوغلىغا قاراپلا قاپتۇ............

مەمەتلەرنىڭ يېرىنى، ئەمگىكىنى، موزايلىق كالىسىنى تارتىۋالغان ئابدى ئاغا مەمەتنىڭ خەدىچەسىنى جىيەنىگە ئېلىپ بەرمەكچى بوپتۇ. خەدىچەلەرنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلەر كەپتۇ. ئەلچىلەرنىڭ ئىچىدە ئابدى ئاغا بىلەن يېزىنىڭ مائارىپ مۇدىرىمۇ بار ئىكەن. ئابدى ئاغىنىڭ، مۇدىرنىڭ كەينىدە ھۆكۈمەت بار ئىكەن. ھاكىم بار ئىكەن. ساقچى باشلىغىمۇ بار ئىكەن. بۇنداق ئەلچىگە ھېلىغۇ بىر قىزكەن مىڭ قىز بولسىمۇ بېرىدۇ-دە.

خەدىچەگە چاي ئىچۈرۈپتۇ. كۆيۈئوغۇل تەرەپنىڭ رەخمىتىنى ئاپتۇ. دادىسى ئوسمان يۈۋاش بولسىمۇ قىزنى ئۇلارغا بەرگۈسى يوقكەن. نامراتنىڭ مارجىنى باينىڭ بويىندا تۇرمايدىغىنى بىلىدىكەن. ئۇ خوتۇننى تىللاپتۇ...خەدىچەنىڭ ئانىسىنىڭ كارى بولماپتۇ. مارجان بويىندا تۇرمىسىمۇ ئاپتاپتا قالغان گەدەندە تۇرغاندىن ياخشى دەيدىكەن. ھېچ بولمىسا ئېتىزغا چىقمايدىغان يۇمشاق يۇڭلۇق پۇتىدا تۇرسىمۇ ياخشى دەيدىكەن. كۆز ياشلىرى تۆكۈلىۋاتقان، كىچىكلەپ، قۇرۇپ كېتىۋاتقان خەدىچە بىلەن كارى بولماپتۇ. ئانا دىگەن قىزىم جاپا تارتمىسا دەيدىكەن.

يېزىلىقلار قايناپ كېتىپتۇ. سالىدىغانىغا پاراڭ چىقىپتۇ. كانايلىرىنى قىرىپ، ئېغىزلىرىنى ئۇشلاپ سۆزلەپتۇ. مەمەت قىزنى ئەپ قاچسا بولاتتى...

-نەگە كېتەلەيدۇ. ئابدى ئاغا ئۇنى تاپالايدۇ.... كەينىدە ھۆكۈمەت بار.

--مەمەتنىڭ قولىغا قورال چىقىپ قالمىسۇن ؟

..ئۇ تازىنىڭ جېنى چىقىپ كەتسىكەن...

--مەمەتنىڭ كۆزلىرى ئۆزگۈرۈپ كېتىپتۇ.

--ئابدىنى بىر نىمە قىلىۋېتىدىغاندەكلا......

-خەدىچە ئۆلسىمۇ ئۇ تازىغا تەگمەيدۇ...ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ.

--قىز ئۆلسە مەمەتمۇ ياشىمايدۇ....

-بىچارە دۇنە ، ياش تۇرۇپلا ئېرىدىن ئايرىلدى، ئەمدى بالىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالمىسىكەن.

-ئوغۇلسىز قالمىسكەن... يېزىنىڭ ھەممە ئادىمى مۇشۇ ھەقتە سۆزلىشىدىكەن. مەمەت بىلەن خەدىچەنىڭ ئىشى ئۇلارغا بىر دەرت بوپتۇ. ئوچاقتا ئوت قالاۋېتىپ، قويلىرىنى سۇغۇرىۋېتىپ. باللىرىنىڭ كىيمىنى ياماۋېتىپمۇ، نەۋرىلىرىنىڭ پوقىنى ئادالاۋېتىپتۇ مۇشۇ توغرىلىق سۆزلىشىدىكەن.

غەيۋەت هارام، بىراق زالىمنىڭ غەيۋەتنى قىلىش دۇرۇس دىيىلگەندەك، ئابدى يوق يەردە هوزور بىلەن ئۇنىڭ غەيۋەتنى قىلىشىدىكەن.

ئادەملەر ئاجايىپ، ئۇلار ئابدىغا شۇنچە ئۆچمەنلىك قىلسىمۇ ئۇ مىنگەن ئاتنىڭ تېزىكىدىنمۇ ئايلىنىپ ئۆتىدىكەن. مىڭلىغان يېزىلىقلار يالغۇز ئابدى ئاغىدىن ئەشۇنداق قورقىدىكەن.

مەمەتكە ئاپىسى مىڭلارچە نەسىھەت قىپتۇ.

-خەدىچەدىن باشقا قىز جىق دەپتۇ.......

مەمەت ئۈندىمەپتۇ.

-بىر كۈن بولسىمۇ تېچ ياشايلى بالام. سەندىن ئايرىلىپ قالماي، خەدىچەدىن باشقا قىزلارنى تاللا دەپتۇ..........

مەمەت شۇنداق ئۈندىمەي ئولتۇرىۋېلىپ بىر چاغدا ئاپىسىغا،

خەدىچەدىن باشقا قىز يوق دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ توغرىلىق ئانا-بالا سۆزلەشمەپتۇ.

چۈنكى دۇنە مەمەتنىڭ كېسىپ گەپ قىلغانلىقنى ئاڭلىماپتىكەن. مەمەت يېرىنى تارتىۋالسا مەيلى دەپتۇ.

ئۈرۈپ-تىللىسا مەيلى دەپتۇ. خەدىچەگە كەلگەندە مەيلى دىمەپتۇ.

شائىرلار خەدىچە مەمەتنىڭ بارلىقى دەيدىكەن. قاراقچىلار خەدىچە مەمەتنىڭ نەيزىسىنىڭ پۆپىگى دەيدىكەن. بىز قاراقچىلار توغرىلىق سۆزلىشۋاتىمىز. شائىرلار توغرىلىق سۆزلەشمىدۇق. پوپىگى يوق نەيزىلەرمۇ بار ئىكەن. ئەمما پوپىگى بار نەيزە ھەققى نەيزىكەن.

ئىشقىلىپ مەمەتنىڭ دەردى قىرىق توققۇز ئىكەن. خەدىچە ۋەقەسى بىلەن ئەللىك بوپتۇ. نەدىلا بولسۇن ئەللىك توشسىلا دۇنيادەك كەڭ سەۋرى قاچىمۇ توشىدىكەن.

مەمەت خەدىچە بىلەن ياغلىق بەرگەندە كېلىشكەندەك ئون بىرىنچى كۈنى كېچىسى بېرىپتۇ. خەدىچەلەرنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا ئۇنى ساقلاپتۇ. بىر قولىدا ئىگىكىنى يەنە بىر قولىدا قوينىدىكى تاپانچىسىنى تۇتۇپ خەدىچەنى ساقلاپتۇ......

يېزىنىڭ ھەممە نىمىسى ئۇخلاپ كېتىپتۇ. ئادەملەر، كالا-توخولار، ئۇچار قاناتلار ھەتتا ھاۋادىكى ھاشارەتلەرمۇ ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. ھەممە جانلىق تاتلىق ئۇيقىدا شېرىن چۈشلەردە لەيلەپ يۈرگەن ئىكەن. ئۇلار شېرىن چۈشلەر بىلەن ھەپلىشىدىكەن. دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىكنىڭ ئۈستىنى، مۇھەببەت-نەپرەتلەرنىڭ ئۈستىنى، قورقۇنۇچ-باتۇرلۇقنىڭ ئۈستىنى قېلىن بىر قەۋەت ئۇيقۇ باسقان ئىكەن. دۇنەمۇ ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. مەمەت ئاپىسىنى قېچىشقا قايىل قىلالماپتۇ. ئۆزىنىڭ راستىنلا قاچىدىغانلىقىغا دۇنەنى ئىشەندۈرەلمەپتۇ. دۇنە ھەممە ئىشنىڭ ئاستا-ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. ئەمما مەمەتنىڭ قاچىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىكەن. مەمەت دۇنەنىڭ ئالدىدا يەنىلا بىر بالا تۇرسا.

بىر چاغدا خەدىچە ئۆيىدىن چىقىپتۇ. ئاپىسى ئۇخلاپ كەتكەندە، دادىسىمۇ ئۇخلاپ كەتكەندە ئۆيىدىن چىقىپتۇ.

مەمەت بىلەن خەدىچە ئۇيقۇ بېسىپ كەتكەن يېزىسىنى،خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان يېزىلىقلىرىنى تاشلاپ

قېچىپتۇ.

ئەتىسى خەدىچەنىڭ ئاپىسى ئۆلارنىڭ قاچقانلىقىنى بىلىپتۇ. دادىسىمۇ بىلىپتۇ. خوپ قېپتۇ دەپتۇ. خەدىچەنىڭ ئاپىسى بەك قايغۇرۇپمۇ كەتمەپتۇ. ئەسكى بولسىمۇ ئۆز ئاپىسىدە، تاتلىق ئۇمۇت بىلەن ماڭغان بالىسىنى قاغامدۇ، ئانا دىگەن.

بىز ئەسكى دىگەن ئاپىلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق. بالىلىرى يېنىدا چاغدا ياخشى كۆرمەيدىغاندەك بىلىنىدۇ. ئەمما بالىلىرى يېنىدىن ئايرىلسا چىدىمايدۇ. ئوتى چىداتمايدۇ. ئىچىدە دۇئا قىلىپ جېنىم بالام دەيدۇ.

خەدىچەنىڭ ئاپىسى، ئابدى ئاغىغا خەۋەر قېپتۇ. خەقنىڭ رەخمىتىنى ئالغان تۇرسا، قۇدىلىققا ماقۇل دىگەن تۇرسا خەۋەر قىلماي بولامدۇ.

ئۆرە تۇرغان ئابدى ئاغا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئۆمرىدە ئۇچرىمىغان بۇ ھاقارەت شۇنداق ئېغىر كەپتۇ.

ئابدى ئادەملىرىنى ئېلىپ مەمەتلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. قىيامەتنىڭ تۇنجىسى دۆنەنىڭ ئۆيىدە باشلىنىپتۇ. ئابدى ئاغا ئۇنى دەسسەپتۇ. قېلىن چەملىك ئۆتۈك بىلەن دەسسەپتۇ. قۇرۇق تىوپىدا دومىلىتىپ تېپىپتۇ. دۆنە غىڭ قىلماپتۇ. ھەممە يېرى لاي بولۇپ كېتىپتۇ. ئېقىۋاتقان قان بىلەن قۇرۇق توپا ئارىلىشىپ لاي بولۇپ كېتىپتۇ. ئابدى ئاغا ھېرىغاندا جىيەنى كېلىپ دەسسەپتۇ. ئۇنىڭمۇ ئۆتىكى يېڭىكەن. چەملىرى پۇختىكەن. دۆنەنىڭ ئاغزىدىن ئاققان قان ئايىقىدىن ئۆتۈپ يەرگە سىڭىپتۇ. دۆنەدىن ئاققان قاننىڭ رەڭگى قىزىل ئەمەسكەن. قاننىڭ قىزىل ۋە زەرداپنىڭ سېرىق رەڭلىرى قوشۇلۇپ ھالرەڭ كۆرۈنىدىكەن. كامالەتكە يەتكەن ئىككى ئەر، نىمجان بىر ئاسلاننى دەسسىگەندەك ئۇنى دەسسەپتۇ . قاقشال بىر تاياقنى سۇندۇرغاندەك، ئۇستىخانلىرىنى سۇندۇرۇپتۇ.

بۇ دۆنەنىڭ ھاياتىدا تارتقان ئازاپلارنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قاپتۇ. ياراتقان ئىگىسى دۆنەنى ئەمدى ئازاپ چەكمىسۇن دەپتۇ. يېتەر ئەمدى ئارام تاپسۇن دەپتۇ.

مەمەت ئۇچۇن جاھىللىق بىلەن چىداپ ياشىغان دۆنە، مەمەت ئۇچۇن بۇ قېتىممۇ لام-جىم دىمەستىن، ئۈنىنىمۇ چىقارماستىن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

مەمەت ئاۋاقنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن ئىككى ئادىمىنىڭ بىرى ئەشۇنداق ئۆلۈپ كېتىپتۇ. مەمەت نەچچە مىڭ يىللار ياشىسىمۇ، ئونلىغان خوتۇنلارنى ئالسىمۇ، يۈزلەپ باللىق بولسىمۇ، دادىسىدەك، ئانىسىدەك ئادىمى مەڭگۈ تۇغۇلمايدىكەن...........

ئابدى ئاغا بىلەن جىيەنى ئادەملىرىنى باشلاپ مەمەتلەرنى قوغلاپتۇ. مەرگەنلەرنى توپلاپتۇ. ئىزچى ئەلى توكۇر يول باشلاپتۇ.

ئەلى توكۇر مەمەتلەرنىڭ ئىزىنى تېپىۋاپتۇ. ئاتىسىنىڭ ئىزى بولسىمۇ ئىزنىلا كۆرسە تاپىدىغان بۇ توكۇر ، ھاۋادىكى قۇشنىڭ ئىزىنى تاپالايدىغان بۇ ئىزچى ئەلى توكۇر ئۆلارنى تېپىپتۇ.

مەمەت ئالدىنقى قېتىم سۇلايماننىڭ ئۆيىدىن ئابدىنىڭ ئالدىغا چۇشۇپ ماڭغاندەك يۈۋاشلىق قىلماپتۇ. ئىككى تەرەپ ئېتىشىپتۇ. مەمەت ئابدى ئاغا بىلەن ئۇنىڭ جىيەننى چەنلەپ ئېتىپتۇ. ئىككەيلەننىڭ ياۋا چوشقىدەك چىقىرىغاندەك ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئوق ئىككىسىگىلا تېگىپتۇ.

مەمەت خەدىچەگە سەن يېزىغا قايتىپ تۇر، مەن ياخشى بىر جايغا ئورۇنلىشىپ بولۇپ سېنى. ئاپامنى ئالغىلى كېلىمەن. دەپتۇ. خاتىرجەم بول ئابدى بىلەن ئۇنىڭ جىيەنى ئۆلدى. ئەمدى سىلەرنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ. دەپ خەدىچەنى خاتىرجەم قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەمەت قاراقچى بوپتۇ. دۆنە بىلەن ئىبراھىمنىڭ ئوغلى شۇنىڭدىن باشلاپ قاراقچى مەمەت ئاۋاق بوپتۇ.

مەمەت شۇ كېچىسىلا ئۇدۇل كەسمە يېزىسىدىكى ھېلىقى سۇلايماننىڭ ئۆيىگە ئىككىنچى قېتىم بېرىپتۇ. قىلغانلىرىنى دەپ بېرىپ سۇلايماننىڭ دۇئاسىنى ئاپتۇ. سۇلايمان مەمەتنى تۇمان تېغىدا قاراقچىلىق قىلىدىغان تۇردى تەلۋە دىگەن تۇققىنىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ.

ئۇ چاغلاردا قاراقچى بولۇش مودىغا ئايلىنىپ قالغان ئىكەن. بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغان ياكى خوتۇنغا خاپا بولۇپ قالغانلارمۇ مىلتىقتىن بىرنى تېپىپ تاققا چىقىپ كېتىدىكەن. تۇردى تەلۋىمۇ

شۇنداق قاراقچىلاردىن ئىكەن. ئەمما بىزنىڭ مەمەت ئاۋىقىمىز ئوخشىمايدۇ. ئۇ دىگەن ئابدىدەك زالىملارنى ئۆلتۈرۈپ قاراقچى بولغان. ئۇ كوزان ئوغلىدەك، كۆرت رەشىتتەك قاراقچى بولىدۇ.

ئوخشىمايدىغان مىجەز، ئوخشىمايدىغان كويغا سالىدۇ. مەمەت كىيىچە تۈردىنىڭ ئەترىتىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. كېلىشەلمەپتۇ. تۈردى مەنپەئەت ئۈچۈن قاراقچى بولغان ، مەمەت ھەققەت ئۈچۈن قاراقچى بولغان. ئەلۋەتتە كېلىشەلمەيدۇدە.

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ جاپپار بىلەن رەجەپ چاۋۇش دىگەن ئىككى قاراقچىمۇ چىقىپ كېتىپتۇ. مەمەت بىلەن ئۈچ كىشلىك ئەترەت بوپتۇ.

تاغلارغا چىققان قاراقچىلار تۈركمەنلەرنىڭ قىزىل فەس(يۇمۇلاق دوپپا)نى كىيىدىكەن. قالپاق ياكى شەپكە كەيمەيدىكەن. بەلكىم تاغدىكى قاراقچىلار ئىستانبولدا شلەپە ئىنقىلاۋى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپمىغان بولسا كېرەك. قاراقچىلار مۇستاپا كامالنىڭ فەسنى چەكلىگەنلىكىدىن خەۋرى بارلىقىنى بىلىدىغان ئادەممۇ يوقكەن.

مەمەتمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ قىزىل فەسنى مەھكەم كىيىپتۇ. ھەققى تۈركمەن قاراقچىلارغا ئوخشاش بوپتۇ.............

مەمەت ئابدىلارنى ئاتقاندا ئۇنىڭ جىيەنى ئۆلۈپتۇ. ئابدى ئاغا يارىلىنىپ جېنى ساق قاپتۇ. ھەممىزنىڭ خەۋرى بار، يالماۋۇزنىڭ يەتتە جېنى بارغۇ. ھە توغرا ئابدىنىڭ جېنىدىن پەقەت بىرىلا چىقىپتۇ.

ئابدى ئاغا ساقچىلارغا خەۋەر ماڭدۇرۇپتۇ. سوتچىلارغا خەۋەر ماڭدۇرۇپتۇ.

قانۇن ئادەملىرى كېلىشتىن ئىلگىرى مەمەتنى قوغلاشقا چىققانلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپتۇ. ئەلى توكۇر كەلمەپتۇ. قىلغان ئىشىدىن، مەمەتنى تېپىپ بەرگەنلىكىدىن خىجىل بوپتۇ. خۇدانىڭ ئالدىدا، خالايىقنىڭ ئالدىدا لەنەتكە قاپتۇ. شۇڭا پۇشايمان قىپتۇ.

ئابدى ئاغا يىغىلغانلارغا جىيەنى ۋەلىنى خەدىچە ئۆلتۈردى دەپ ئۆگۈتۈپتۇ. بۇنى گۇۋاھچىلارنىڭ ھەممىسى تەپسىلى يادلىۋاپتۇ.

ئىلگىرى ھۆكۈمەت ئادىمىگە يېزىدىكى بىرەر ئىش توغرىلىق جاۋاپ لازىم بولسا، ئابدى ئاغا ئادەملىرىنى

چاقىرتىپ نىمە دىيىش كېرەكلىگىنى تەپسىلى ئۆگۈتۈپ قويىدىكەن. ئۇلار ئۆگەنگىنى بويىچە تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا بۇلبۇلدەك سايرايدىكەن. سوئال سورىغۇچىلار بۇ بۇلبۇللارنى كىم سايرىتىۋاتقانلىقىنى ئىچىدە بىلىدىكەن. ئەمما ئىنچىكىلەپ كەتمەي، ئابدى ئاغىنىڭ ئۆيىدە قانغۇچە مېھمان بولۇپ، سوغا-ئېھسانلار بىلەن قايتىدىكەن.

بۇ قېتىممۇ شۇنداق بوپتۇ.

گۇۋاھچىلار ئىللا-بىللا، خەدىچەنىڭ ئاتقىنى ۋەلى شېھىدۇتۇللا دەپ ياش تۆكۈپ گۇۋاھلىق بېرىپتۇ. سوتچىلار خەدىچەدىن سوراپتۇ. شۇ يېشىغىچە بىر يېزىنىڭ ھاۋاسى، بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى تەڭ ئىچكەن بۇ يېزىلىقلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى خاتىرجەم تۇرغان خەدىچەنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئانىسىنىڭ قىزىم قورالدىن قورقىدۇ. ئۇ تاپانچىنى قانداق تۇتۇشنىمۇ بىلمەيدۇ، دىگەن نالىلىرى پايدىسىز بوپتۇ. سوتچى بىر قاراپلا خەدىچەنىڭ گۇناھسىزلىقىنى بىلىپتۇ. ئەمما بۇ يېزىغا بىكارغا كەلسە بولمايدۇدە. بىرەر ھۆكۈم ئېلان قىلىپ پەقەت گۇشلا بار بەدىنىنى يوشۇرۇپ تۇرغان ماۋۇ ھەيۋەتلىك كىيىملىرىنىڭ سۆلىتىنى نامايەن قىلمىسۇنمۇ.

ئابدى ئاغا كىچىككىنە بولسىمۇ مۇرادىغا يېتىپتۇ. مەمەتتىن ئۆچىنى ئالالمىغان بولسىمۇ مۇنۇ قىزدىن ئاچچىقىنى بېسىپ تۇرۇپتۇ. ئەجەل ئۇنىڭغا قىلغان ئىشنى چىرايلىق كۆرستىپ بارا-بارا يېقىنلاپ كەپتۇ. يېزىلىقلار كۇسۇرلىشىپ كېتىپتۇ. بۇرۇنقىدەكلا ئۇلار يوق يەردە ئادالەت پەريادىنى يەتكۈچە قىلىپتۇ. ئەمما بىرەرسىمۇ خەدىچەنى گۇناھسىز دىيىشكە پېتىنالماپتۇ.

خەدىچەنىڭ ۋەلىنى ئاتقانلىقى يەتتە نەپەر گۇۋاھچى تەرىپىدىن مۇقىملىنىپ تۇرمىگە ئېلىپ كېتىلىپتۇ......

ئەمدى خەدىچە بىلەن بىر كامىرغا سولانغان ئىراز توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي

جەسەتنى ئەپ چۈشتى ھېلىت تۈزىگە،

بېشى يوقتۇر قارىسام، ئۇنىڭ يۈزىگە.

مەندىن سالام ئېيتىڭ بەگنىڭ قىزىغا،

ئىراز موماي باشلاپ چىقسۇن تاغنىڭ ئۈستىگە، ;

دىلىم قانسۇن گۈزەل يۈزى، ئاھۇ كۆزىگە......

چىرايى قارا قۇمچاققىنە، يوغان كۆزلىرى يېنىپ تۇرغان، ئەگىم قاشلىرى ۋە كەڭ پىشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان بىر تۇتام چېچى بىلەن تېگى-تېگىدىن مېھرىلىك بىلىنىدىغان، چىرايلىققىنە ئۈزۈنچاقراق ئىڭىگى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ساكار يېزىسىدىكى ھۆسەيىننىڭ ئايالى ئىراز، يىگىرمە يېشىدا قۇچۇغىدىكى توققۇز ئايلىق بالىسى بىلەن تۇل قاپتۇ.

ئۇ ئېرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. ھېلىقى ئاققۇ دىگەن جانۋاردەك ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆلگەن ھەمراھىغا قارىلىققا ئاتاپتۇ. ئېرىنىڭ جەسىتىنىڭ ئالدىدا "ھۆسەيىن ياتقان يەردە ھىچكىمنى ياتقۇزمايمەن" دەپ قەسەم ئىچىپتۇ.

ئېرىنىڭ قېرىنداشلىرى ھۆسەيىن ئۆلگەندىن كېيىن ئىرازدىن يەرنى تارتىۋاپتۇ.

شۇنداقتىمۇ ئىراز يالغۇز خوشاللىقى بولغان ئوغلى رىزانى بېقىپ قاتارغا قوشۇپتۇ. تىرىك جان بولغاندىكىن يەرسىز بولسىمۇ رىسقىسىز قالماپتۇ. رىزا چوڭ بوپتۇ.

ئۇ ئەرز قىلىپ يۈرۈپ دادىسىنىڭ قېرىنداشلىرىدىن يېرىنى قايتۇرىۋاپتۇ. ئەمما ئاچكۆز تۇققانلىرى رىزانى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ..........

رىزا ئۆزىنىڭ ئېتىزلىقىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

ئۇ تۇققانلىرىنىڭ قولىدا ئۆلگەن ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىگە گۇۋاھچى يوق ئىدى.

مەيلى ئىراز ياكى يېزىدىكى باشقىلار بولسۇن، رىزا بىلەن نەۋرىلەر بولىدىغان ئەلنىڭ يەر ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈەتكەنلىكىنى بىلىدىكەن. سودىيە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يەر مەسىلىسىنى تەپسىلى يېزىۋاپتۇ،

ھەمدە تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلىنى قاتىل دەپ تۇتۇپتۇ.

ئېتىزلىقتا، ئۇستىگە يېشىل چۇبىلار ئولاشقان رىزانىڭ جانسىز ئۆلىكى، كالىلىرى قېچىپ كەتكەن قۇرۇق ساپان، يىغلاۋېرىپ كۆزلىرىنىڭ نۇرىمۇ قالمىغان ئانا يالغۇز قاپتۇ........

ئىراز ئەلىنى ئەمدى دارغا ئاسىدۇ دەپ ئويلىغان ئىكەن. ئەمما ئىككى كۈندىن كېيىن ئەلى قوللىرىنى سالغان ھالدا يېزىغا خاتىرجەم قايتىپ كەپتۇ. چۈنكى ئەلى رىزا ئۆلتۈرۈلگەندە تۆت سائەتلىك يول يىراقلىقتىكى باشقا يېزىدا تويغا قاتناشقانلىقىنى گۇۋاھچىلار بىلەن ئىسپاتلاپتۇ. قاتىل جازالانماپتۇ.

بىچارە ئانا بۇنداق ھاقارەتنى كۆتۈرەلمەپتۇ. ئادەملەردىن كەلگىنىغۇ مەيلى، قانۇندىن كەلگەن بۇ ھاقارەت ئۇنى گۆرگە تىرىك كۆمۈلگەن ئادەمگە ئايلاندۇرۇپتۇ. ئۆيىدىكى پالتىنى قولىغا ئاپتۇ. دۇنيادىكى خوشاللىقنى يوقاتقانلار بىلەن تەڭلا يوقىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئەمما ئەلى ئۆيدە يوق ئىكەن. ئىراز غەزەپ بىلەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېقىۋاتقاندا ئەلى كېلىپ قاپتۇ. ئىرازنىڭ قولىدىكى پالتىنى تارتىۋېلىپ ئۇنى دەسسەپ-چەيلەشكە باشلاپتۇ. يېزىلىقلار چارەك جېنى قالغان ئىرازنى ئۇنىڭ ئايىقىدىن تەستە تارتىۋاپتۇ. شۇ كېچىسى ئىراز ئۆملەپ بېرىپ ئەلىنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپتۇ........

ئەلى ساقچىلارنى باشلاپ كەپتۇ. غەزەپلىك ئانا ھەممىنى مەن قىلدىم. ئەلىنى كۆيۈپ ئۆلسۇن دىدىم دەپتۇ.

بۇ ۋەقە باشلانغاندىن ئاخىرلاشقانغا قەدەر پەقەت ئىراز دىگەن مۇشۇ ئاجىز ئايالللا راس گەپ قىپتۇ. ئۇ ئەلىنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەندە باشقا يېزىدا تويدا ئىدىم دىمەپتۇ ئۇنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن گۇۋاھچىلارمۇ كەتمەپتۇ. ساقچىلار قانۇن بويىچە ئىرازنى تۇتۇپتۇ.

ئىراز قولىغا ئېلىنىپتۇ. بىر دۆلەتكە، بىر مەملىكەتكە تەڭ قىلمايدىغان چىناردەك ئوغلى ئۈچۈن قاتىلنىڭ ئۆيىگە ئوت قويغانلىقى سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنىپتۇ.

ئىراز بىلەن خەدىچە بىر كامىرغا قامىلىپتۇ....

ئىراز تۈرمىنىڭ بۇلۇڭىدا قېتىپ ئولتۇرىدىكەن. قارغۇلارنىڭ كۆزىدىمۇ ئەتراپقا ئىنتىلىش بولىدۇ. ئەمما

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھېچنېمە يوق. پاچىلارنىڭ قۇلاقلىرىدىمۇ بىئاراملىق، تېڭىرقاش ۋە ئىنتىلىش بولىدىكەن.

ئىرازدا بولسا بۇلارمۇ يوق. ئۇنىڭغا قاراشنىڭ ئۆزىمۇ بىر دەھشەت ئىكەن. خەدىچەنىڭ دەردى بىر يانغا

قايرىلىپ قاپتۇ. بۇ ئايالنىڭ دەردى ئۇنىڭغا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ. سۆزلەپتۇ، سىلاپتۇ، ئۇنىڭ ھالىغا

قاراپ يىغلاپتۇ. قېرىندىشى بولسىمۇ بۇنچە قىلماس، ئاستا-ئاستا ئىراز بىلەن خەدىچە بىللە يىغلايدىغان،

بىللە كۈلىدىغان بوپتۇ.

ئىرازنىڭ يورۇق دۇنيا بىلەن تەغدىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان ھېچنىمىسى يوقكەن. ئەمما خەدىچەنىڭ

باردە. ئوغلى رىزانىڭ قىساسچۇ ؟ توغرا، يورۇق دۇنيادا قالغان ئوغلىنىڭ قىساسى بار ئىكەن. ئىراز

بۇلارنى ئويلىغاندا كۆكسى چىڭقىلىپ ئاغرىيدىكەن. بۇ ئاغرىق ئوغلى رىزانىڭ قىساسىنى ئېسىگە

سالىدىكەن. چىشلىرىنى كىرىشتۈرىدىكەن.

مەمەتنىڭ قاراقچىلىقى تۈرمىگىمۇ ئاڭلىنىپتۇ. ئۇنىڭ باشقا قاراقچىلارغا ئوخشىمايدىغان قاراقچىلىقى

توغرىسىدا سۆزلەر بولۇپتۇ. دۇنيادىن ھېچ بىر خوشلۇق كۆرمىگەن، شۇنچە ئادەملەردىن ھىسداشلىققا

ئېرىشمىگەن بۇ ئىككى ئايال ھەتتا ئۇچار قاناتلارنىڭمۇ قۇرت-قوڭۇزلارنىڭمۇ چاتىقى بولمايدىغان بۇ

ئىككى ئايال بىر ئۈمۈتكە ئېرىشىپتۇ. ئۇلار مەمەتنىڭ خىيالى بىلەن ھاياتلىق ئارزۇسىدا قىمىرلاشقا،

مىدىراشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ قاراقچىلىقى توغرىسىدىكى پاراڭلار بىلەن توختاپ قالاي دىگەن يۈرىگىگە قان

تولۇقلاپتۇ. ئەدلۇ-ئادالەت ئەخلاق-دىيانەت ئۈمۈدى بىلەن ئەمەس بەلكى بىر قاراقچىنىڭ ئۈمۈدى بىلەن

ھايات قاپتۇ.

ئادالەت ياكى دىيانەت دىگەننى خەت بىلەنلا يازغىلى بولىدىكەن.ئۆزىنىڭ مۇقىم شەكلى يوق ئىكەن. بۇ

خەتلەرنى قىزىل رەڭ بىلەنمۇ ياكى قارا رەڭ بىلەنمۇ يازغىلى بولىدىكەن. بىرلىككە كەلگەن رەڭگىمۇ

يوق ئىكەن. مەمەت ئوخشىمايدۇ. ئۇنى خەت بىلەن يازمىسىمۇ ئۆزىنىڭ مۇقىم قىياپىتى بار ئىكەن.

سەمەت ياكى ئەمەت ئۆزىنى مەمەت دىيەلمەيدىكەن..........

ئۆمۆت دىگەن ئاجايىپ نىمە . ئۆمۆت بولسا قارا تاشنىڭ ئىچىدىكى قۇرتمۇ تېشىپ چىقىدۇ. ئۆمۆت بولمىسا بىپايان ئاسماندىكى بۈركۈتمۇ پالاقشىپ چۈشىدۇ.

ئىراز ئۆلگەن ئوغلى رىزا مەمەت بولۇپ تىرىلىپ بىپايان ئاناۋارزادا ئات چېچىپ ئاغىلارنى، سوتچى-ساقچىلارنى تىترىتىپ، يۈرگەندەك خوشاللىققا ئېرىشىپتۇ. ھاردۇقى چىقىپتۇ. قىساس ئوتىغا تەسەللى سۈيى تېمىپتۇ.........

خەدىچە بىلەن ئىراز كۆزلىرى تېشىلىپ كەتكۈدەك بىرىلىپ كېچە-كۈندۈز پايپاق توقۇيدىكەن. پايپاق سېتىپ تاپقان پۇللىرىنى خەجلىمەي مەمەتكە يىغىدىكەن. مەمەت بىر كۈنى تۇتۇپ كېلىنىدىكەن. تۇتۇلمىغان قاراقچى يوق ئىكەن. ئۇ تۈرمىدە بوينى قىسىلىپ قالسا بولمايدۇ. مۇھتاجلىق تارتسا بولمايدۇ دەپ قارا كۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى نۇرىنى، ئورۇق بارماقلىرىنىڭ ئاخىرقى نازۇكلىقىنى پايپاق توقۇشقا سەرپ قىلىدىكەن.....

تۈرمىدىكىلەر ئەنقەرەدىن يۆتكىلىپ كەلگەن بىر مەھبۇستىن يېقىندا ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ كەچۈرۈم ئېلان قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. تۈرمىدىكى مۇستاپا تاغىنىڭ دىيىشىچە ھۆكۈمەتنىڭ شەرىپى ئۈچۈن تۈرمىدىكىلەرلا ئەمەس قاراقچىلارمۇ كېچۈرىم قىلىنىغىدەك.

خەدىچە بىلەن ئىراز بۇ بوۋايدىن مەمەتنىڭ كېچۈرىم قىلىنىشىنى نەچچە قېتىم سورىغانلىقىنىمۇ دەپ بېرەلمەيدۇ. مۇستاپا تاغىمۇ ساناپ بېرەلمەيدۇ. ھەر قېتىم مەمەتلا ئەمەس، يىرتقۇچ يولۋاس بۆرىلەرمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ دەپ جاۋاپ بېرىدىكەن.

ئىشقىلىپ مەمەت بىلەن ئۆلارنىڭ ئارىسىدىكى قارا تام يوق بولىدىكەن. ئۇچەيلەن بىللە خاتىرجەم ياشىيالايدىكەن.خەدىچە بىلەن ئىراز يېڭى پىلانلارنى تۈزۈشۈپتۇ. مەمەت ئۆلارنى شەھەرگە ئەكىرىپ كاۋاپ ئېلىپ بېرىدىكەن، ئۆزلىرى يىغقان پۇللار بىلەن مەمەت تۈرمىگە ئەۋەتكەن پۇللارنى قوشۇپ چوقۇر ئوۋادىن بىر پارچە يەر سېتىۋالىدىكەن . ئۆلارنىڭ يېرى شۇنداق مۇنبەت ۋە كۆنگەي ئىكەن. زىرائەتلەرنىڭ ئوخشاپ كەتكەنلىكىدىن ھەتتا قاپلانمۇ يېرىپ ئۆتەلمەيدىكەن. مەمەت ئۆي سالىدىكەن.

خەدىچە قىزىل توپا بىلەن ئۆيىنىڭ ئىچى تېشىنى سۇۋايدىكەن. ئىراز ئاچىسىنىڭ قولىنى سوغ سۇغا تىققۇزمايدىكەن.

گەپلەر تۈگىمەپتۇ. ئۇلار ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى مەجنۇن تال، كۆزلىرى يوغان توق قىزىل رەڭلىك ئىنىگى، بۇغدايلىقنىڭ قىرىغا تېرىيدىغان ئىككى قۇر پىيىزى، ھويلىدىكى باغچىسى، گۈللىكى توغرىلىق توختىماي پاراڭ سالىدىكەن.........

ئابدى ئاغا مەمەتنىڭ قاراقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپتۇ.

ئۆيدە ئولتۇرالماپتۇ. پاچىقىغا پىت چۈشۈپتۇ. شەھەردىن يېزىغا يېزىدىن شەھەرگە قاتراپتۇ. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئاڭلىتىپتۇ. بىرنى ئون، ئوننى يۈز قىلىشقا تىرىشىپتۇ. مەمەتنىڭ ۋاپاسىزلىقى، تۇزنى يەپ تۇزلۇقنى چاققانلىقنى سۆزلەپتۇ.

توختىماي سۆزلەپتۇ. ئاڭلىغۇچىلار ئېچىنىدىكەن. مەمەت ئاۋاقتىن نەپرەتلىنىدىكەن. ھاكىمى، ساقچى باشلىقى، ساقچىسى،كاتىپلىرى، خىزمەتچىلىرى ئېچىنىدىكەن. بۇ ئاۋاقنى تۇتۇشقا ساقچىلار ماڭىدىكەن. تۇتالمايدىكەن. تۇتالمىغانچە مەمەتنىڭ شۆھرىتى چىقىپتۇ. ئادەملەر ئارىسىدا رىۋايەتلەر تارقىلىپتۇ.

ئابدى ئاغا دەگىرمەن ئولۇككىمۇ كېلەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. مەمەتنىڭ بىر كېچىدە كېلىپلا ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇپتۇ. تۇرۇپ ئۇ يەردە، تۇرۇپ بۇ تۇققىنىنىڭكىدە قونىدىكەن. مۇقىم بىر يەردە ياتالمايدىكەن.

بىر كۈنى مەمەت ئابدى ئاغىنىڭ ئاق تۇزلۇ يېزىسىدىكى ھۈسەيىن ئاغىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالغانلىقىنى بىلىۋاپتۇ. ھەمرالىرى بىلەن كېچىدە قورشاپتۇ. ھۈسەيىن ئاغا ئابدىنى چىقىرىپ بەرمەپتۇ. مەمەتلەر ئۆيگە ئوت قويۇپتۇ. يوشۇرنىۋالغان ئابدى ئاغا ئۆي بىلەن قوشۇلۇپ كۆيۈپ كېتىپتۇ............

ئابدى ئاغىنىڭ كۆيۈپ ئۆلگەنلىكىنى، مەمەتنىڭ ئابدى ئۈچۈن بىر يېزىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان دەگىرمەن ئولۇك يېزىسىدىكىلەر كەچ بولغىچە قېتىپ قاپتۇ. پۈتۈن يېزا قېتىپلا قاپتۇ. قۇچاقتىكى بوۋاقلارنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايدىكەن. ئىتلارمۇ ھاۋشىمايدىكەن.

مەمەت يېزىسىغا كەپتۇ. دۇرمۇش ئەلى بىلەن ھۆرى ئانىغا ئەمدى ئابدى يوق بولدى. ئۇ تارتىۋالغان يەرلەرنى دىخانلارغا بۆلەيلى دەپتۇ.

مەمەتنىڭ ئابدى ئاغا ئىگەللىۋالغان يەرلەرنى دىخانلارغا قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغانلىقنى ئاڭلاپ مېڭىۋاتقانلارنىڭ پۇتلىرى ئالمىشىپ كېتىپتۇ. ئولتۇرغانلار قوللىرى بىلەن يەرگە تايىنىۋاپتۇ. دۇرمۇش ئەلىنىڭ خوتۇنى خوشاللىقتىن نىمە قىلىشنى بىلەلمەيلا قاپتۇ. ئۇ يېزىلىقلارنى تىللايدىكەن. نىمىشقا خوشال بولمايدىغانلىقنى سورايدىكەن.

يېزىلىقلار مەڭدەپ قاپتۇ. ئەزەلدىن ئۇچراپ باقمىغان ھەتتا چۈشلىرىگىمۇ كىرىپ باقمىغان بۇنداق ئىشتا كىم قېتىپ قالمايدۇ دەيسىز. يېزىلىقلار تېخىمۇ قېتىپ قاپتۇ....

كېيىن دەسلەپ پىچىرلىشىش ئاندىن ۋارقىراش-تووۋلاشلار باشلىنىپتۇ. قېتىپ قالغان ئىتلارمۇ ھاۋشۇپتۇ . خورازلار چىللىشىپتۇ. ئېغىلدىكى ئىشەكلەرمۇ ھاڭراپتۇ. دەگىرمەن ئولۇك يېزىسى بىنا بولغاندىن بۇيان بولمىغان ۋاراڭ-چۇرۇڭ بوپتۇ. بەش يېزىنىڭ ئادەملىرى ئاتىسى تىرىلگەندىنمۇ بەك خوشال بولۇپتۇ.

دىكەنلى تۇزلەڭلىگى قايناپ كېتىپتۇ. يېزىلىقلار يەرنى تېرىشتىن ئىلگىرى تىكەنلەرنى نىمە قىلىشنى بىلمەيدىكەن. پۇتلىرىغا، پاقالچاقلىرىغا تىكەن كىرىپ تۇرسىمۇ يەر تېرىيدىكەن. چىدايدىكەن. مەمەت ئەمدى يەر تېرىشتىن ئىلگىرى تىكەنلەرگە ئوت ياقايلى دەپتۇ. يېزىلىقلار نىمىشقا بۇنى ئويلاپ باقمىغاندىمىز دېيىشىپ قاپتۇ.

ئوتنى دەسلەپ مەمەت يېقىپ بېرىپتۇ. يېزىلىقلارمۇ يېقىپتۇ. ئۇلار ياققان ئوت باشقا يېزىدىكى تىكەنلىكلەرگىمۇ تۇتىشىپتۇ. ئوت كېچىچە كۆيۈپتۇ. تىكەنلەر كۆيۈپ بولغان يەر قاپقارا بولۇپ ئېچىلىپتۇ. كېيىن يىراقتىكى ئەلى تېغىنىڭ چوققىسىمۇ يورۇپتۇ . بىر پارچە ئاپپاق يورۇقلۇق تاغنىڭ چوققىسىدا ئۇزۇنغىچە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

يەرگە ئىگە بولغان دىخانلار ناغرا چېلىپ ئۇسۇل ئويناپتۇ.

-بىزنىڭ مەمەت ئاۋاق!

-بىزنىڭ مەمەتىمىز!

-ئۆكۈزلەرمۇ بىزنىڭ بولىدۇ!

-مەمەتنىڭ بۇنداق ئادەم بولىشى كىچىكىدىنلا مەلۇم ئىدى!

- -ئەمدى ئاچ قالمايمىز!

-قىشتا ئىتتەك يالۋۇرۇپ ئابدى ئاغىنىڭ يېنىغا بارمايمىز!

- -بىزنىڭ مەمەت بالىمىز!

-خەدىچەمۇ تۇرمىدىن چىقىدۇ!

بەش يېزا بىرلىشىپ ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىمىز!

خەدىچەنىڭ ئۈستىدىن يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلەر تۆۋۋا قىپتۇ. مەمەت ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىپتۇ.

دەگىرمەن ئۇلۇك چۇشلەردىكىدەك پار-پۇر پارقىرايدىكەن. مامۇقتەك كۆن نۇرى چېچىلىپتۇ. دەرەخلەر يورۇقلۇق ئىچىدە ئىغاڭلاپتۇ........

ئەلى تۆكۈر قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان قىلىپ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن مەمەتنىڭ مەخپى خەۋەرچىسى بولۇشقا نىيەت قىلغان ئىكەن. بۇنى بىر مەمەت بىر ئۆزى ۋە خۇدا بىلىدىكەن. بىرەيلەن ئەلى توكۈر كېلىۋاتىدۇ دەپ مەمەتكە خەۋەر قىپتۇ.

ئەلى تۆكۈرنىڭ يۈزى سارغىيىپ قورۇلغان بولۇپ نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئون بەش ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىكەن. مەمەت نىمە بولدى دەپ سوراپتۇ. ئەلى گەپ قىلالماپتۇ. مەمەت قىستاپتۇ. ئەلى ناھايىتى تەستە ئاغزىنى يىرتقاندەك ئېچىپ،

ئۇ كاپىر ئۇتتىن قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ......دەپتۇ.

ئەسلىدە ئابدى ئاغىنى، ھۇسەيىن ئاغىنىڭ بۇقىدەك يوغان خوتۇنى يوتقانغا ئوراپ ئوتتىن سىرتقا ئېلىپ چىققان ئىكەن. مەمەت بۇ خوتۇننى يوتقان-كۆرپىلىرىنى توشۇۋاتىدۇ دەپ كارى بولماپتىكەن.

بۇنى ئاڭلاپ، مەمەت سارغىيىپ كېتىپتۇ....

دۇرمۇش ئەلىنىڭ خوتۇنى نالە قىلىشقا باشلاپتۇ. تەسەللىمۇ كار قىلماپتۇ. بۇ خەۋەر يېزىغا تارقاپ كېتىپتۇ. ھەممە ئادەم ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ. كوچىدا ھېچكىم قالماپتۇ. خۇددى ۋارقىراشلارنى، تووۋلاشلارنى، مۆرەشلەرنى، ھەممىنى تۇيۇقسىز كەلگەن كەلكۈن بېسىپ كەتكەندەك بىراقلا يوقاپ كېتىپتۇ. ئادەم ئىشەنگۈسىز جىمجىت بولۇپ قاپتۇ. كوچىدا بىرەر توخومۇ قالماپتۇ. بايىلا بۇ يېزىدا بايرام بولغان ئىدى دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيدىكەن. كالامۇللا تۇتۇپ قەسەم قىلسىمۇ ئىشەنمەيدىكەن.

جىمجىتلىق چۈشتىن كېيىنگىچە داۋاملىشىپتۇ.... -

دىگەرگە يېقىن بىر خوراز قىغ دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ پەيلىرىنى پارقىرىتىپ چىللاپتۇ. ئىتلارمۇ ھاۋشىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئادەملەرمۇ ئۆيلىرىدىن چىقىپتۇ. ئۇ يەر بۇ يەرگە توپلىنىپتۇ. غۇدۇراشلار باشلىنىپتۇ.

-ئادەم بوپ قاپتۇ...

ئىبرايىم گادايىنىڭ ئوغلىغۇ ئۇ... !

ئۆزچە ئابدى ئاغىمىزنىڭ يەرلىرىنى بۆلۈپ تارقىتىپ يۈرۈيدۇ تېخى.

ۋاي قەلەندەرەي.

-قاراقچى بوپتىمىش تېخى.

- -پوچىلىقنى..

-يارىماس تۇڭگۇز ! بىر كۈنى تۇتۇلىدۇ.

-تۈرمىدە چىرىيدۇ.

-بىزنىڭ ئاغىمىزنى ئۆلتۈرمەكچىمىش.

-ئاغىمىز ئۈنداقتىن نەچچە يۈزىگە تېتىيدۇ.....

مەمەت بىلەن جاپپار يېزىلىقلارغا قورقماڭلار، ئەمدى ئابدى كېلەلمەيدۇ دەپتۇ. بۈگۈن ئۆلمىگەن بولسا كېيىن ئۆلىدۇ. چوقۇم ئۆلتۈرىمىز دەپ بېقىپتۇ. مىڭلارچە قەسەم ئىچىپتۇ. پايدىسى بولماپتۇ. ئۈركۈپ كەتكەن پادىغا پايدىسى بولماپتۇ.

بەزى يېزىلىقلار ئابدى ئاغىنىڭ ئۆيىگىمۇ بېرىپتۇ. ئابدىنىڭ خوتۇنلىرى باللىرى بىلەن ھال-مۇڭ قىلىشىپتۇ. غەيۋەت-شىكايەت كېچىچە داۋاملىشىپتۇ......

مەمەتنى قوللايدىغانلار ئۆيلىرىدىن چىقماپتۇ. دۇرمۇش ئەلى بىلەن خوتۇنى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئابدىنىڭ ئۆلمىگەنلىكىگە غەزەپلىنىپتۇ. مەمەتكىمۇ گەپ قىلماپتۇ. ئۇلارنىڭ ياكى خۇداغا ياكى مەمەتكە ۋە ياكى ئابدى ئاغىغا غەزىۋى كېلىۋاتقانلىقى بىلگىلى بولمايدىكەن. ئەمما ئۆزىگە غەزىۋى كەلمىگەنلىكى ئېنىق ئىكەن.

مەمەت بىلەن جاپپار يېزىدىن بېشىنى سالغىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ. يېزىدىن چىققاندا ئىككى ئىت ئۇلارغا قاراپ قاۋاپتۇ. مەمەت بۇنىمۇ تۇيماپتۇ. جاپپار ئۇلارنى قوغلىۋېتىپتۇ.

مەمەت دىكەنلى تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا تۈزلەڭلىكنىڭ نېرىقى تەرىپىگە كۆزىنى پىچاقتەك قىلىپ قاراپ "خەپ ئابدى" دەپتۇ.........

ئابدى ئاغىنىڭ يالماۋۇزنىڭكىدەك يەتتە جېنىدىن يەنە بىرى چىقىپتۇ. ئىككىنچى قېتىم ئۆلۈپتۇ. بۇ قېتىم ئالدىنقىدىن بەكرەك تۇگۈشۈپ كېتىپتۇ. ھالسىزلىنىپ كېتىپتۇ يېزىغىمۇ بارالماپتۇ. ئۆيىنى، ئىگەللىۋالغان يەرلىرىنى، ئوتاقچىلىقنى قىلىدىغان دىخانلارنى قەرەللىك تەكشۈرەلمەپتۇ. ئۇلارنى ئىلگىرىكىدەك ۋاقتى-ۋاقتىدا ئەدەپلەپ تۇرالماپتۇ. مەمەتنىڭ سەۋەبىدىن يىغىۋالدىغان ئاشلىقلىرى، سېلىقلىرى ۋاقتىدا يىغىلماپتۇ.

نىمە قىلارنى بىلمىگەن ئىت ئىتتىن سوراپتۇ. دىگەندەك ئۇ ئەلى ساپابايىنى ئىزدەپتۇ.

ئەسلى ئەلى ساپا باي ئەنقەرەگە بېرىپ قانۇن ئوقۇغان ئىكەن. ئادۋۇكات بولماقچى ئىكەن. نىمە ئۈچۈندۇر بۇ زىيالىيچاق ئادۋۇكات بولماي يېزىغا قايتىپ كەپتۇ. يەرگە قىزىقىپ قاپتۇ. دىخانلارنىڭ يېرىنى ھەر-خىل ئۇسۇلدا ئىگەللەشنى باشلاپتۇ. ئەنقەرەدە ھىلىنىڭ ھەر-خىل نامدىكى مەكتەپلىرىدە تەربىيلەنگەن بۇ ئادەم ئەلۋەتتە ياماندە. يېزىلىقلار ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كېلەلەمدۇ ؟!

يېزىدا تونۇش ئادەملەر ئارا ھىلە بولمايدىكەن. ئىت-مۈشۈك توخولىرىمۇ تونۇش كوچىدا ھىلىگە ئورۇن چىقامدۇ. كۈندىلىك سالام-سائەت بىلەن خوشنىدارچىلىق ئۇنىڭغا ئورۇن قالدۇرمايدىكەن. ھىلە-مىكىر دىگەن ناتونۇش ئادەملەر جىق يەردە تولا بولىدىكەن. شۇڭا شەھەردە قايسىلا دوقمۇشتا تۇرساڭ مىڭ ھىلە-نەيرەڭ كۆرۈشكىلى كېلىدىكەن. ئەلى ساپا ئەشۇنداق چوڭ شەھەرلەردە چوڭ مەكتەپلەردە ئوقۇپ كەپتىكەن.

ئۇ بىراقلا يەرگە قىزىقىپ قاپتۇ. سودىنىڭ، تەرەقىياتنىڭ دادىسى بولغان يەرگە قىزىقىپ قاپتۇ. تىرىشىپتۇ. جان-جەھلى بىلەن تىركىشىپتۇ. ئىشنى ۋاي ۋاي يېزىسىدىن باشلاپتۇ. نۇرغۇن يەرگە ئىگە بوپتۇ. ئەمما يەنىلا ئاززۇسىدىكى يەرگە يەتمەپتۇ. قانماپتۇ. ئۇگەنگەن ھەممە ھىلىسىنى ئىشلىتىپ بوپتۇ. ئەمدى يېڭى ھىلە تاپمىسا يېرى كۆپەيمەيدىكەن.

ئۇنىمۇ تېپىپتۇ. ئوسمان قەلەيچى دەپ بىرىنى تېپىپتۇ. تاغقا چىقىرىپ قاراقچى قىپتۇ. جاھىل دېھقانلارغا قەلەيچىنى ساپتۇ. بۇلىتىپتۇ. ئۆلتۈرۈپتۇ. دىخانلار قەلەيچىدىن قورقۇپ سىرتقىمۇ چىقالمايدىغان بوپتۇ. ئەلى ساپانىڭ يېرىگە يەنە يېڭىدىن يەرلەر قوشۇلۇشقا باشلاپتۇ......

ئەلى ساپا باي ئەنقەرەگە بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ بۇسىنىمۇ چىقارمايدىكەن. كىملا ئەرز قىلسۇن ئۇنىڭ بىلىشىدىن نېرى بولمايدىكەن. باستۇرۋالىدىكەن. بۇلارنى قىلالايدىكەن. چۈنكى ئۇ ھۆكۈمەت بىلەن دىخانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولنىڭ كۆۋرىكىدە ئولتۇرىدىكەن. ئەنقەرەمۇ بۇ تەرەپلەدە چوڭ ئىش چىقمىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئۇنىڭ قىلغانلىرىغا كۆز يۇمىدىكەن. چۈنكى دۆلەتنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالى كۆزىنى يۇمۇشقا مەجبۇرلايدىكەن..

بۇ جەرياندا ئۇنىڭ بىلەن يۇزتۇرانە قارشىلاشقان، تالاشقان، قانۇن-دەۋادىن خەۋىرى بار ئادەملەر ئۇنىڭ ئەشەددى دۈشمىنىكەن. ئاتا دۈشمەنلىنىمۇ بەكرەك دۈشمەنكەن. ئۇ قارا دۆت يېزىسىدىكى بەكرى ئەپەندىنى يوقىتىپتۇ. ئۇنى ئوسمان قەلىچگە ئاتقۇزۇپتۇ. قەلەيچى بەكرى ئەپەندى بىلەن بىر نەۋرىلەردىن بولسىمۇ ئۇنى ئېتىپتۇ. مەيلى قارا جاھىللىق قىلغان دىخانلار ياكى قانۇن دەۋاسى قىلغان بەكرى ئەپەندىدەكلەر بولسۇن ھەممىسىنى بىر ئامال قىلىپ يوقىتىپتۇ. مەنپەئەت دېگەن نەرسە بۇ كۆرەشتە تۇققانلىنى يات. ياتنى تۇققان قىپتۇ. ئابدى ئاغا ئەلى ساپاباينىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. ئۆزىگە تۇتاشقان ئوتنى ھەمدە بۇ ئوتنىڭ ئۇنىڭغىمۇ تۇتىشىدىغانلىقنى ئېزىپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

ئەلى ساپاي ئۇنىڭسىزمۇ مەمەت ئاۋاق توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلاۋېتىپتىكەن. ئۇ قاراقچىنى قاراقچىنىڭ قولى بىلەن يوقىتىش ئۈچۈن ئوسمان قەلەيچىنىڭ ئەترىتىنى ئىشقا سالماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئادەم ئېۋەتىپتۇ. قەلەيچىنى چاقىرتىپ نۇرغۇن پۇل ۋەدە قىپتۇ ۋە قورالىرىنى يېڭىلاپ بېرىپتۇ.

قەلەيچىلىكتىن زېرىكىپ قاراقچى بولغان بۇ قەلەيچى مەمەتنى ئۆلتۈرەلمەپتۇ. مەمەت ئۇنى ئىككى ئادىمى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۋېتىپتۇ. ئىتقا لايىق، ئىتلا بوپتۇ. قاراقچى بولالماپتۇ.....

بۇ خەۋەر قەدىرلىدىن كوزانغىچە، جەيھاندىن ئاداناغىچە، ھەتتا ئوسمانىيەگىچە تارقىلىپتۇ...

چوقۇر ئوۋادا، تورۇس تاغلىرىدا مەمەتنىڭ ئىشلىرى سۆزلىنىدىكەن. ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچىدىكەن. تاغلىقلار مەمەتنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى بىراقلا ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇنى خەتەرگە قارىماي قوغداشقا ئالدىراپتۇ. بولۇپمۇ ئەلى ساپاباي ۋە قەلەيچى ئەترىتىنىڭ بەكرەك زىيىنىغا ئۇچرىغان ۋاي ۋاي يېزىسىدىكىلەر قەلەيچىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قۇلاق ئاڭلىمىغان خوشاللىققا چۆمۈپتۇ. خەۋەر كېچىدە كەلگەن بولسىمۇ يېزىنىڭ ئىچى دەگىرمەن ئۇلۇك يېزىسىدىكى بايرامدىن نەچچە باراۋەر ئېشىپ كېتىپتۇ.........

ۋاي ۋاي يېزىسىدىكى ئاقساقال ئوسمان چوڭ ئۆزىنىڭ بۇ شۇڭقارىنى، كۆزى كۆرۈپ باقمىغان بۇركۈتنى بىر كۆرۈش ئۈچۈن دەگىرمەن ئولۇك يېزىسىغا كەپتۇ. دۇرمۇش ئەلى بىلەن خوتۇنى ئۇنىڭغا مەمەتنىڭ ئىشلىرىنى، مەمەتنى پاراڭ سېلىپ بېرىپتۇ. يېزىدىكىلەرنىڭ مەمەتكە قىلغانلىرىنى داتلاپ بېرىپتۇ. ئەلى توكۇر ئوسمان چوڭنى باشلاپ چېچەكلىك جىلغىسىغا باشلاپ بېرىپ مەمەت بىلەن كۆرۈشتۈرۈپتۇ. ئوسمان چوڭ مەمەتنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ كونا تۇركمەن ئادەتلىرى بويىچە پۇراپتۇ، يىغلاپ تۇرۇپ سۆيۈپتۇ. خۇددى جىرجىس هاجى خوجىنيازنى پۇراپ قۇچاغلىغاندەك قۇچاغلاپتۇ. ۋاي ۋاي يېزىسىدىكىلەر يوللۇق قىلغان پۇللارنى مەمەتكە بېرىپتۇ. ھەر ئايدا ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراقچىسىنى يوقلاپ تۇرۇشقا قەسەم قىپتۇ. جاپپار بۇلارنى كۆرۈپ بۇ خەلق سېنى ياخشى كۆرۈپ قالسىلا قىيامەتكىچە قاراقچىلىق قىلساڭمۇ ئەرزىيدىكەن دەپتۇ............

مەمەت خەدىچەنى بىر كۆرۈش ئۈچۈن شەھەرگە كىرمەكچى بولۇپتۇ. بۇ گەپ تاغلىقلارنىڭ ھەممىسىگە تارىلىپتۇ. بىراق ھۆكۈمەت ئادەملىرىگە، ئەمەلدار بايلارنىڭ بىرىگىمۇ ئاڭلانماپتۇ. تاغلىقلار مەمەتنىڭ قورقۇمسىز تەلۋىلىكىگە ھەيران قاپتۇ. ھەم ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىپتۇ. خەلقلەرنىڭ ئەندىشىسى ئورۇنسىز ئەمەسكەن. مەمەتتىن ئايرىلىپ قالسا ئۆزلىرى نىمە كۈنگە قالىدۇ. ئاتا كۆرمىگەن خوشاللىقى، بالىسى كۆرىدىغان ئاراملىقى بۇزۇلمامدۇ. چۈنكى بۇ تاغلار بىنا بولغاندىن بۇيان بۇنداق قاراقچىنى، بۇنداق مەمەت ئاۋاقنى كۆرۈپ باقماپتىكەن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ دىگەن مەمەت ئاۋاق تۇرسا !

ئەمما مەمەت ئاۋاق خەدىچەنى كۆرۈشكە يەنىلا بېرىپتۇ. مەسنى قويۇپ بەرمەي بولامدۇ. مەس يىقىلغىچە ماڭمىسا ئۇنىمايدۇ. مەمەتكە ئىشتىياق كىرگەن ئىكەن. ماڭسۇن. قالغىنىنى خۇداغا قويسۇن.

شۇ ۋاقىتتا خەدىچەلەرنى كوزانغا يۆتكەش بۇيرىقى كەلگەن ئىكەن. خەدىچە بىلەن ئىراز بىزنى كوزانغا ئېلىپ بېرىپ سوتلايدۇ ھەمدە گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىدۇ دىگەن خىيالدىكەن. بىراق قويۇپ بەرسە چوقۇر ئۆۋادىلا قويۇپ بەرمەمدۇ. كوزانغا بارىدىڭ دىگەن گەپ گۇناھىڭ ئېغىر رەسمى سوتقا كىرىسەن دىگەن گەپكەن.

مەمەت ئاۋاق ھېچكىمگە بىلدۈرمەي تۈرمىگە بېرىپتۇ. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپتۇ. ژاندارما ساقچىلارنىڭ بۇرنىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپتۇ. مەمەتنىڭ رىۋايەتلىرى ۋە مەمەتنىڭ ئوي-خىياللىرىنى دورا قىلىپ تىرىك ياشاۋاتقان خەدىچە بىلەن ئىراز مەمەتنى كۆرۈپتۇ. قېتىپلا قاپتۇ. كەسسە بىر تامچە قان چىقمايدىغاندەك قېتىپ قاپتۇ........

مەمەت ئۆلارنى كوزان تۈرمىسىگە يۆتكىگەندە قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ قايتىپتۇ. بۇرنىمۇ قانماستىن ھۆكۈمەتنىڭ يۇرىگىدىن قانداق كىرگەن بولسا شۇنداق چىقىپ كېتىپتۇ. خۇدا ئۇنى ساقلاپتۇ، قوللاپتۇ. ئىككى مەزلۇمغا، قالغان مەزلۇملارغا ئىچى ئاغرىپتۇ........

مەمەتكە ئېرىشمىگەن خوشاللىق نېسىپ بوپتۇ. ژاندارمىلارنىڭ قولىدىن خەدىچە بىلەن ئىرازنى بۆلاشنى پىلانلاپتۇ. ھەمرالىرى ئۇنى ئەيىپلەپتۇ. بۇ ئۆلۈمگە ماڭغانلىق دېيىشىپ ئۇنى تىللاپتۇ. ئەمما ئاخىرىدا يەنىلا ياردەملىشىپتۇ. ئاۋاقتا پەرۋا قىلماي بولامدۇ. مەمەت خەدىچەنىڭلا مەمىتى بولمىسا يە،

مەمەت ناخشا ئېيتىپتۇ. شۇ چاغلاردا يېشى توقسەندىن ئاشقان ئىسمائىل غوجا دەيدىغان بىر كونا تۈركمەن بار ئىكەن. ئۇنىڭ نەچچىلىگەن خوتۇنلىرىدىن نەچچە ئونلىغان بالىلىرى-نەۋرىلىرى بار بوۋايىكەن. تۆۋى يېيىلغان ئۇچى ئۇزارغان ئاقساقالكەن. ئۇ داۋاملىق :

چىقتىم كوزان بېشىغا،

تىزىمغىچە قار كېچىپ.

يارام ئاقتى كۆز بولۇپ.

تېپىلارمۇ بىر تىۋىپ.

دىگەندەك كونا تۈرۈكمەن ناخشىلىرىنى ئېيتىدىكەن.

مەمەتمۇ ناخشا ئېيتىپتۇ. مەمەتنىڭ ناخشا ئېيتقىنى ھېچكىم ئاڭلىماپتىكەن. قوي-كالىلارمۇ

ئاٴلماپتىكەن. تاشلارمۇ ئاٴلماپتىكەن. ئەمما

بۈگۈن ناخشا ئېيتىپتۇ.ئېيتقاندىمۇ شۇنداق ياخشى ئېيتىپتۇ. )

ئامۇت شاختا پىشىپتۇ

قۇياشمۇ نۇر چېچىپتۇ.

ئانىسى يوتقان بەرمىگەچ،

ئاق ئەمچەكلەر ئۇشۇپتۇ....

خەدىچە بىلەن ئىراز چارشەنبە كۈنى ژاندارمىلارنىڭ يالىشى بىلەن كوزانغا يولغا چىقىپتۇ. ئەمما بىزنىڭ مەمەت ئاۋاق ئۇلاردىن ئىككى كۈن بۇرۇنلا كىچىك چىنار يېزىسىنىڭ يېنىدىكى قومۇشلۇقتا پىستىرما قۇرۇپ كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ ساقچىلارنى يارىدار قىلىپ، ئاياللارنى بۇلاپتۇ.

خەدىچە بىلەن ئىراز قېنىپ بىر نەپەس ئاپتۇ. تۇنجى قېتىم ھاۋانى ئۆپكىسى توشقىدەك خاتىرجەملىك بىلەن سۈمۈرۈپتۇ.............

بۇ ۋەقە ھۆكۈمەتنى چۆچۈتۈپتۇ. ئاددى بىر قاراقچىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ قولىدىن مەھبۇس بۇلىشى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىكەن. "مەمەتنىڭ يا ئۆلگى ياكى تىرىگىنى تېپىپ كېلىش، بولمىسا !...

بۇيرۇق قاتتىق ئىكەن. مەمەتنى تۇتالمىسا جاۋاپكارلىقنى ھېچكىم ئۈستىگە ئالالمايدىكەن. بەزى ۋاقىتلىرىدا ھۆكۈمەتتە شەرەپنى ئالدىغان مەيدىلەر جىق بولغان بىلەن مەسئۇلىيەتنى ئالدىغان مۇرىلەر بولمايدىكەن. نۇرغۇن ئەمەلدارلاردا مەن دەپ ئۇرىدىغان مەيدە بولغان بىلەن كۆتۈرەيچۇ دەيدىغان مۇرە بولمايدىكەن. مۇرىسى يوق خورازدەككەن.......خورازدەككەن...

بۇيرۇق ئالغان ساقچىلار قايسى تاغلىق يېزىغا بارسا شۇ يېزىدا قىيامەت بولۇپتۇ. قىيامەت بۇ قېتىم بىراقلا كەلمەي نۆۋەت بويىچە كەپتۇ. تاياق يىمىگەن ئادەم قالماپتۇ. قىرچىندەك كىچىككىنە باللاردىن تارتىپ، قاقشال تاياقتەك قېرى موماي‌لارغىچە تاياق يەپتۇ. بىراق ھېچكىم مەمەتنىڭ تۇرغان يېرىنى

بىلمەيدىكەن. ژاندارمىلارغا يول باشلىغانلار يول باشلاۋېتىپ ئېزىپ قالىدىكەن. ئۆزىنىڭ ھويلىسىدا ئېزىپ قالغاندەك ئېزىپ قالىدىكەن..........

مەمەتنىڭ گۇناھسىز خەدىچەنى، دەرتمەن ئىرازنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرغانلىقى ، قەلەيچىنى ئۆلتۈرۈپ، ئارمىيەنى ساقچىلارنى كولدۇرلىتىۋاتقانلىقى پاراڭلارنىڭ پارىڭى بوپتۇ. ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن ئابدى ئاغىنى ئىزدەۋاتقانلىقى تاغلىق يېزىلاردا ، ئۇنىڭ يېزىسى دەگىرمەن ئولۇكتە تىللاردا داستانغا ئايلىنىپتۇ. ھەممە ئادەم ئىشلىرىنى تاشلاپ مۇشۇ ھەقتە پاراڭلىشىدىكەن. باشقا ناخشا ئېيتماي مۇشۇ ھەقتە قوشاقلار توقۇشىدىكەن.

ساقچىلار دەگىرمەن ئولۇك يېزىسىغا بېرىپتۇ. دۇرمۇش ئەلىنى، خوتۇنى ھۆرى موماينى پالاققا تارتىپتۇ. كالتەكلەپتۇ. ياغاچتىن ياسالغان پالاق خۇددى ياغاچقا تەگكەندەك ئاۋاز چىقىپتۇ. پايدىسى بولماپتۇ. ئىككى قېرىنىڭ ئېغىزى تۇغۇلىشىدىنلا ئېتىكلىكتەك زۇۋان چىقماپتۇ. يېزىدىكى باشقىلارنىمۇ ئۇرۇپتۇ. ئەھۋال ئوخشاش، زۇۋان چىقماپتۇ. ساقچىلار ھېرىپ كېتىپ دىخانلارنى بىر بىرىنى ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. ساقچىمۇ ئادەمدە ئۆلارمۇ چارچايدۇ-دە. ئەمما ئەھۋال يەنىلا ئوخشاش بوپتۇ. دىخانلار بىر-بىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە رازىكەن. زۇۋان سۇرمەيدىكەن.

شۇنداق قىلىپ مەمەت ئاۋاقنىڭ دەستىدىن چوقۇر ئوۋا يېزىلىرىدا تاياق يېمىگەن ئادەم قالماپتۇ................

مەمەت ئاۋاقلار ئەلى تېغىغا بېرىۋالغان ئىكەن. خەدىچەسى بىلەن ئىراز ئۇنىڭ يېنىدا ئىكەن. قاراقچىنىڭ خوتۇنى بولماق ئاسان ئەمەسكەن. ئاپتاپ سۇنۇپ خاتىرجەم ئولتۇرغىلى بولمايدىكەن. مۆكۈپ-قېچىپ يۈرگەن ئادەم ئەينەككە قاراپ چاچمۇ تارىيالمايدىكەن. ئوق تەگمىگەنىدىمۇ، يۈزلىرىگە قىياقلار، شاخلار سۈرۈلۈپ يارا قىلىپ تۈرىدىكەن. ئەمما قاراقچىلىقتا خاتىرجەملىكنى ئىزدىيەلەيدىكەن. تاپالمىسىمۇ يەنىلا ئىزدەشكە بولىدىكەن. ھېچنىمنى ئىزدىگىلى ، تاپقىلى بولمايدىغان تۈرمىگە ئوخشىمايدىكەن. ئىراز بىلەن خەدىچە چوڭ كەچۈرۈمدىن ھېلىمۇ ئۈمۈتۋاركەن. خەدىچەگە خاتىرجەم تۈرمۇش كېرەككەن.

مەمەتلا كېرەككەن. مەمەت كالا باقامدۇ ياكى تېرىقچىلىق قىلامدۇ بەربىركەن. تىنچ ياشىسىلا بولىدىكەن. تۇرمىدىكى چېغىدا مەمەتنىڭ قاراقچىلىقى خەدىچەنى خوش قىلىپتىكەن. ئەمدى ئۇنداق بولماپتۇ. چۈنكى خەدىچە ئازات بوپتۇ. زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپتۇ. قاراقچىنىڭ خوتۇنى بولسىلا قاراقچىلىقنى خالامدۇ، خالىمايدۇ-دە . چۈنكى مەمەتنىڭ جاپاسىنى خەدىچەلا تارتىۋاتسا، ئۇنىڭ ھالاۋىتىنى باشقىلار كۆرۈۋاتسا.

ئىراز ئاچىسى ئۇنداق ئەمەسكەن. قاراقچىلىقنى تاشلىغىلى بولمايدىكەن. يەر تېرىيدىغان،كالا باقىدىغان ئادەم ئازمۇ. بىراق مەمەتتەك قاراقچىدىن نەچچىسى بار دەيسىز. زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئادەم تېخى كۆپ. شۇڭا مەمەت ھازىر يەر تېرىسا بولمايدىكەن. خەدىچە ئۆزىنىلا ئويلىمىسۇن. مەمەت قاراقچىلىقنى تۈگەتسۇن، ئاندىن قاراقچىلىق قىلمىسۇن. شۇچاغدا يەر تېرىسىمۇ بولىدىكەن، كالا باقسىمۇ بولىدىكەن. ئەمما ھازىر قاراقچىلىق قىلمىسا بولمايدىكەن. قاراقچى بولمىسا ئۆلتۈرىدىكەن. ناۋادا كەچۈرۈم ئېلان بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ قەبرىسىگە كەچۈرۈم دەپ يېزىپ قويامدۇ. ياق ئەشۇ كەچۈرۈمنى ئۆزىنىڭ قولىقى بىلەن ئاڭلىشى كېرەك. ئۆلگەندە كەچۈرگەن ساخاۋەت، تىرىكلەرنى ئالداش، ئۆلگەنلەرنى مەسخىرە قىلىشقۇ. شۇڭا كەچۈرۈم كەلگۈچە قاراقچىلىق قىلىپ ئۆزلىرىنى قوغدىشى كېرەك.

چىداش كېرەك. كەچۈرۈم ھامىنى كېلىدۇ. ھەر چوققىنىڭ ئۈستىدە بىردىن يورۇقلۇق پەيدا بولىدۇ. ئەتراپ يوپ-يورۇق بولۇپ كېتىدۇ.

خەدىچە بىلەن ئىراز ئاچىسىنىڭ يۈزلىرى يورۇپ كېتىپتۇ. خۇددى ئەتراپتىكى چوققىلار يورۇۋاتقاندەك.........

دەگىرمەن ئۇلۇكتىكىلەر بۇزۇلۇپتۇ. ئابدى ئاغا ئېۋەتكەن ئادەملەرگە ئۇنىڭ ھەققىنى بەرمەپتۇ. يېرىنى تېرىپ ئالغان ئاشلىقتىن ھەققىنى بەرمەپتۇ. دىخانلار ھوسۇل ئالالمىدۇق دەپتۇ. باشقا يىللاردا تېرىغان ئۇرۇقنى ئالالمىسىمۇ مول-ھوسۇل ئالدۇق دەيدىغان دىخانلار، بۇ يىل شۇنداق نۇرغۇن ھوسۇل ئالسىمۇ، ھوسۇل ئالالمىدۇق دەپتۇ. ھۆكۈمەت ئادەملىرى ئارىلىشىپتۇ. دىخانلارنىڭ ئاشلىقلىرىنى يەنىلا تاپالماپتۇ. خۇددى ئاشلىق تېرىپ باقمىغاندەك ھېچنىمە تېپىلماپتۇ. بىزىرىپ تۇرۇپتۇ. ئاشلىق بولسا

بىرەتتۇق. گۇلدەك ئاغىمىزنى ، ئابدى ئاتىمىزنى نائۇمۇت قويمايتتۇق. دىيىشىپ يالغاندىن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشىپ قويۇپتۇ.

ھۆرى ئانا بۇ ئىشتىن شۇنداق خوشال بولۇپتۇ. بەش يۈز يىل ياشىسىمۇ كۆرۈش نىسىپ بولمايدىغان بۇ قىلىق ئۇنى شاتلاندۇرۇپتۇ. دىخانلاردىن سۆيۈنۈپتۇ. تاياق يارىلىرى ساقايمىغان تىنىنى سۆرەپ يۈرۈپ يىزىنىڭ كوچىلىرىنى پۇراپتۇ. پۇراپ باقمىغاندەك پۇراپتۇ. ئەسكى تاملىقلارغا ، كوچىدىكى ئۇششاق تاشلارغا قەدەر مۇھەببەت بىلەن قاراپتۇ. ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغاندەك قاراپتۇ. كۆڭلىدىكى ئادىمىدىن ئەلچى كەلگەن قىزغا ئەسكى تاملىقمۇ چىرايلىق كۆرۈنگەندەك ئىش بوپتۇ.......

مەمەتتىن قورقۇپ شەھەرگە كىرىۋالغان ئابدى ئاغا ئۇچرىغانلا كىشىگە سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.....

دىمىدىمۇ مانا، ئەشۇ مەمەتنىڭ كاساپىتى، تۇغۇلمىغان موزىيىنىمۇ بىرىشكە تەييار دىخانلار بۇزۇلدى. كاللىسىغا بىر خىيال كىرىپ قالدى. مەن شۇنداق خىيالنىڭ كىرىپ قىلىشىدىن قورققان. مەمەتنى يوقاتماي بولمايدۇ. مۇشۇنداق كىتىۋەرسە ئۇلار ھۆكۈمەت بولىۋالىدۇ. پۈتۈن چوقۇر ئوۋادىكى يەرلەرنى دىخانلارغا بۆلۈپ بىرىدۇ.....

شەھەردىمۇ مەمەتنىڭ گىپى، يىزىدىمۇ مەمەتنىڭ گىپى، تاغلاردىمۇ مەمەتنىڭ گىپى، ھەممىنىڭ ئىغىزىدا مەمەتنىڭ گىپى. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى مەمەتنى تۇتالمىغانچە مەسخىرىگە قاپتۇ. بىر-بىرىگە تاپا-تەنە قىلىشىپتۇ. ئەشۇ مۇشتۇمدەك بالىنى-ھە.....تۇتالمىدۇقما.....

ساقچىلار، ژاندارمىلارنى ئاسىم چاۋۇش يەنە باشلاپ مىڭىپتۇ. مەمەتنى ئىزدەپتۇ. ئىبراھىم قارىدەك ئاغىلارنىڭ قارا ئىتلىرىمۇ قوشۇلۇپتۇ. يالغان قاراقچى بولىۋالغانلارمۇ قوشۇلۇپتۇ. مەمەتنى ئىزلەپتۇ.

ئۈستى-بىشى قان دىخانلار، يارىسىنى تىڭىۋالغان پادىچىلار ساقچىلارنىڭ ھەركىتىدىن مەمەتنى خەۋەردار قىلىپ تۇرىدىكەن.يىرىم يىل ئىزلەپتۇ. كۈز كەپتۇ، قىش كەپتۇ، قارا قىشتا مەمەتنى يەنىلا ئىزلەپتۇ. ھەر بىر دىخاننىڭ ، تاغدىكى پادىچىنىڭ ھەتتاكى ھەر تۇپ قارىغاينىڭ تۈۋىدە ژاندارما بار ئىكەن. مەمەتنى مارايدىكەن. جاھاننى ساقچى بىسىپ كەتكەندەك ئىش بوپتۇ.

تورۇس تاغلىرىنىڭ ھەر بىر تېشىدەك نۇرغۇن ئەسكەرلەر، چوقۇر ئوۋانىڭ كوچىلىرىدىكى ئىتلاردەك نۇرغۇن ساقچىلار

توختىماي ئىزلەپتۇ.

ئاپپاق قارلىق ئەلى تېغى چوققىسى،

سوغۇق چۇشتى يېتىپ بولماس كېچىسى.

قاراقچى ئۇچۇن دوزاق بولىدىغان قارلىق تاغدا ئۇلارنى يەنىلا تاپالماپتۇ. بۇركۇتلەر ياشايدىغان غارغا كىرىۋالغان مەمەتلەرنى تاپالماپتۇ.

نومۇسقا قاپتۇ. پۈتۈن ۋىلايەت تەۋرەپ مەمەتنى تۇتالمىسا، بۇ قانداق نومۇسلۇق ئىش-ھە. باشلىقلىرىنىڭ، خوتۇنلىرىنىڭ، دوس-بۇرادەرلىرىنىڭ يەنە ئاللىقانداق بىرنىمىلىرىنىڭ تەنىسى مەسخىرىسى ئەسكەرلەرنىڭ، ساقچىلارنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ...........

مەمەت ھەپتىدە بىر غاردىن چىقىدىكەن. تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالغىلى پەستىكى يېزىلارغا بارىدىكەن. قايتىپ كەلگۈچە ئىزنى يوقۇتۇش ئۇچۇن قارىغاي شاخلىرىنى سۆرەپ ماڭىدىكەن. ئىراز ئاچىسى، مەمەتتىن قورال ئېتىشنى ئۈگۈنۈپتۇ. شۇنداق مەرگەن بولۇپ كېتىپتۇ. خەدىچە قورالدىن قورقىدىكەن. ئىراز قورقسا بولمايدىكەن. بىر كۈنى مەمەت بىلەن ئوغلىنىڭ قىساسنى ئالغىلى بارىدىكەن. قىساسنى ئالمىسا ئۇ دۇنياغا خاتىرجەم بارغىلى بولامدۇ ؟! ئوغلى رىزانىڭ قىساس ئازابىدىن قۇتۇلماي قانداقمۇ ئۆلگىلى بولىدۇ ؟ ئوغلىنىڭ يۈزىگە قانداق قارايدۇ........

مەمەت غاردىن پەستىكى يېزىلارغا چۈشكەندە گاھىدا ژاندارمىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىكەن. يوشۇرۇنغان يېرىمىزنى بىلىۋالمىسۇن دەپ ئۇلارنى ئالداپ باشقا ياققا قاچىدىكەن. خۇددى ئوۋچىنى كۆرسە ئۇۋىسىدىن باشقا ياققا ماڭىدىغان بۆرىدەك، ئۇۋىسىنى قوغداپ ئۇلارنى ئېزىقتۇرىدىكەن. ئاتىدىكەن. قاچىدىكەن. ياردارمۇ بولىدىكەن. يەنە قايتىپ كېلىپ ئاتىدىكەن، يەنە قاچىدىكەن. قورشاۋغا چۈشۈپ قالسا جاپپار كېلىپ قالىدىكەن. ئەسكەرلەرنى ئالداپ مەمەتنى قاچۇرىدىكەن. ئىككى

دوست، ئىككى قاراقچى بىر-بىرىنى كۆرمەستىن شۇنداق ھەمكارلىشىدىكەن......ئۇلار پەقەت ئاتقان ئوقنىڭ ئاۋازى بىلەن تىرىكلىگىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدىكەن. تىرىكمۇسەن، ئامانمۇسەن دەپ قۇرۇق پاراڭ سېلىشقا ۋاقىت يوقكەن. قاراقچى بولسا شۇنداقكەن.............

خەدىچىنىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلاپ قاپتۇ. مەمەت ئاۋاق باللىق بولىدىغان بوپتۇ. ئاتا بولىدىغان بوپتۇ. ئاتا بولۇپ ئاتا-ئانىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىش نېسىپ بوپتۇ. ئەمما ھۆكۈمەت ئادەملىرى ئۇلارنى ئىزدەشنى جىددىيلەشتۈرۈپتۇ. خەدىچەنىڭ تۇغۇتى يېقىنلىغانچە، ژاندارمىلارمۇ يېقىنلاپ كەپتۇ. بۇرنىنىڭ ئاستىنىدىنلا ئۇلارنى ئىزدەپ ئۆتىدىكەن. ئامال يوق، ئادەم بالىسى نەدە ئۆلىدىغىنىنى بىلمىگەندەك نەدە تۇغۇلۇشىنىمۇ بىلمەيدۇ-دە.

ئەگەر بىلسە، كىمنىڭمۇ يۇمشاق كۆرپە، ئىسسىق ئۆيدە تۇغۇلغۇسى كەلمەيدۇ. كىمنىڭمۇ خاتىرجەم ياشايدىغىنىنى ياشاپ، باللىرى، نەۋرىلىرى، خۇدا بېرىپ قالسا چەۋرىلىرىمۇ چۆرىدەپ ئولتۇرغان كارۋاتتا ئۆلگىسى كەلمەيدۇ .

بۇمۇ بوپتۇ. مەمەتنىڭ بالىسى غاردا تۇغۇلىدىكەن. ھەممە ئادەم ئۆيدە تۇغۇلسا، بۇ بالا غاردا تۇغۇلىدىكەن. بۇمۇ بىر تەلەي. ھەممە ئادەمگە ئۇچرىمايغان ئىشنى تەلەي دەيمىز. مىليون ئادەمنىڭ بىرى ياكى ئىككىسى بۇنداق تەلەيگە يولۇقىدۇ. تەلەينىڭ كۆلكىسىمۇ ۋە يىغىسىمۇ بولىدۇ. بۇ كۈلكىنى نۇرغۇن ئادەم كۈلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ يىغىسىغا نۇرغۇن ئادەم چىدىيالمايدۇ. كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا بىز ياراتقۇچىدىن تاقەت كەلتۈرەلمەيدىغان سىناقلارنى بېرىشتىن پاناھ تىلەيمىز. ياراتقۇچىمۇ ناھايىتى ئاز ئادەملەرگىلا بۇنداق تەلەينى بېرىدۇ......

ئىراز ئاچىسى ئالدىراپتۇ. مەمەت ئالدىراپتۇ. خەدىچەنىڭ تۇغۇتىغا لازىم بولىدىغان نەرسىلەرنى ئەكەلمىسە بولمايدىكەن. ئامال يوق خەدىچەنى بىرەر يېزىغا ئاپىرالمايدىكەن. بىرەر قولى يېنىك تۇركمەن مومايغا تاپشۇرالمايدىكەن. بولمىسا چوقۇر ئوۋادا كىممۇ مەمەتنىڭ بالىسىنى تۇغدۇرمايدۇ دەيسىز. جان دەپ قوبۇل قىلاتتى. ئەمما مەمەتلەر بارالمايدىكەن. تۇتۇلۇپ قالىدىكەن. شۇرىغاندىن

بەكرەك قۇتراپ كەتكەن ئەسكەرلەر ئۇلارنى تۇتىۋالدىكەن. مەمەت يالغۇز بولسۇغۇ مەيلىتتى. ئەمما كۇنى توشۇپلا قالغان خەدىچە سلىق تامدەك تاغنىڭ يامزىلىدا ماڭالامدۇ ؟ گاھىدا ئۆمىلەپ گاھىدا يۇگرەپ قاچالامدۇ ؟

غاردىكى ئوتنىڭ ئىسىدا، غارغا ئۇرىلىۋاتقان قار-شۇرغاندا ئۇچەيلەننىڭ ئازراقلا ئادەم شەكلى قاپتۇ. خەدىچە بىلەن ئىرازنىڭ چىرايلىق چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. مەمەتنىڭ چاچلىرى بىلەن ساقلى ئۆسۈپ ئارىلىشىپ كېتىپتۇ.قايسىسى ساقال قايسىسى چاچ بىلگىلى بولمايدىكەن....

ئوزۇق-تۈلۈك ئۇزۇلۇپتۇ. خەدىچەگە لازىملىقلارنى تەييارلىمىسا بولمايدىكەن. ئۇچەيلەن ئالدىراپتۇ. مەمەت ئالدىراپتۇ. ئۇلار ئالدىرمىغان بىلەن قوساقتىكى بالا ئالدىراپتۇ. ئۆزى تۇغۇلىدىغان يەرنىڭ سوغۇق غار ئىكەنلىكىنى، ئەتراپتا قۇرتتەك ساقچى-ژاندارمىلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغاندەك، تۇغۇلۇشقا ئالدىراپتۇ.

بەلكىم ئاپىسىنىڭ تار قىسىلچاق قوسىقىدىن چىقىپ كېتىشنى ئويلاۋاتقاندۇ. ئاپىسىنىڭ قوسىقىدىن ياخشى يەرنىڭ يوقلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن. ئاپىسىنىڭ باغرى قۇچاغلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن تار بىلىنىدىغانلىقىنى، ئىسسىق مېھرىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن دىمىق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. كۆرمىگەندىكىن بىلمەيدىكەن. پەقەت تۇغۇلغاندىن كېيىنلا ئاندىن بۇلارنى بىلىدىكەن. ئىست دەيدىكەن. نىمىشقا ئاپامنىڭ باغرىدا توقسەن توققۇز يىل ياتمىغاندىمەن دەيدىكەن.......

مەمەت ئىككەيلەننى خۇداغا تاپشۇرۇپ، پەستىكى يېزىلارغا قاراپ ئالدىراپ مېڭىپتۇ. ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئىككى ئايال، ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىم، ھەتتا ئانىسىمۇ تونۇيالمىغىدەك بولۇپ قالغان ئىككى ئايال غاردا قاپتۇ. بىرى يۈرەكنى يېرىپ تۇغۇپ باققان، ئەمما بالىسى ئۆلۈپ كېتىپ يەنە بىر قېتىم يۈرىكى يېرىلغان ئانىكەن. يەنە بىرى، بالىسى ئۈچۈن يۈرىكنى يېرىشقا تەييارلانغان ئانىكەن. ئىككى ئايالكەن.

مەمەت بۇ قېتىم ئالدىراشچىلىقتا ئىزىغا يۇلغۇن سۆرەپ مېڭىشنى ئۇنتۇپتۇ. ئىزنى يوشۇرۇشنى ئۇنتۇپتۇ. كوزا كۇندە سۇنمىسىمۇ كۇنىگە يەتكەندە سۇنىدىكەن. سۇنمايدىغان كوزا بولمايدىكەن. مەمەتنىڭ ئىزى قاردا ئوچۇق قاپتۇ. قىستاپ كەلگەن بالىسى ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ. ئاۋاق ئۇنتۇپتۇ.

كۆزىگە تۇغۇلىدىغان بالىسىلا كۆرۈنۈپتۇ. ھېچنىمە كۆرۈنمەپتۇ. مەمەتنىڭ ئاپپاق قار ئۈستىدە خۇددى قارغۇمۇ كۆرگىدەك ئوچۇق ئىزى قاپتۇ. ئىراز ئاچىسى كەيىندىن چىقىپ، ئىزنى كۆرۈپ مەمەت دەپ ۋاقىراپتۇ. مەمەت ئاڭلىماپتۇ. شۇ،ىرغاندا ئىرازنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئۆزىگە ئاڭلانمىسا، مەمەتكە ئاڭلىنامدۇ....

بولىدىغان ئىش بوپتۇ. مەمەت ئەتىسى خۇپتەن بىلەن قايتىپ كەپتۇ. تەستە قايتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئىزىنى بويلاپ چۇملىدەك ئەسكەر، ساقچىلارمۇ ئەگىشىپ كېلىپتۇ. غارنى قورشىۋاپتۇ. شۇنداق قاتتىق قورشىۋاپتۇ. ساقچىلارنىڭ جىقلىقىدا قۇلاقلىرىمۇ بىر-بىرىگە تېگىشىپ تۇرىدىكەن.

ئاسىم چاۋۇشنىڭ، ژاندارمىلارنىڭ، ساقچىلارنىڭ يۈرەكلىرى قىسىلىپ كېتىپتۇ. تۇنجى قېتىم مەمەتنى قولى بىلەن قويۇپ قويغاندەك تېپىۋاپتۇ. ئاسىم چاۋۇشقا خىزمەت كۆرستىدىغان پۇرسەت كەپتۇ. ئەسكەرلىرىگە شۇنداق دەپتۇ. بۇنداق ئولجىغا ئالدىرماسلىق كېرەك. چۈ،ىنىمۇ قاچالمىسۇن. شۇ،ىرغان ئۆتكۈدەكمۇ يوچۇق قالمىسۇن. يىلغا يېقىن تارتقان ئەلەمنى چىقىرىدىغان چاغ كەلدى. قېنى ئەزىمەتلەر تەييارلىنايلى دەپتۇ.

بىراق مەمەتلەر غارنىڭ ئىچىدىكەن. يۇگۇرۈپلا كىرىدىغان ئۆزۈڭنىڭ ئۆيى بولمىسا ئۇ. مەمەت بار غارغا كىم كىرەلەيدۇ. چۈ،ىننىڭ كۆزىنىمۇ تاللاپ ئاتىدىغان ئاۋاق ماراپ ياتسا......

ئاسىم چاۋۇش مەمەت تەسلىم بول دەپتۇ. كېچىرىم بولىدۇ دەپتۇ. ساقچىلار ئامالسىز ئەھۋالدا دەيدىغان ھەممە ياخشى گېپىنى دەپتۇ. خوتۇنىغا دىمىگەن يۇمشاق گەپلىرىنىمۇ دەپتۇ. مەمەت ئىشەنمەيدىكەن. يېقىن كەلمەڭلەر دەپتۇ. يېقىن كەلگەننىڭ ئوشۇقىغا ياكى تىزىغا ئاتىدىكەن. ئاسانلىقچە ئۆلتۈرمەيدىكەن. ساقچىنىڭمۇ بالىسى باردۇر، ئانىسى باردۇر. ئۆلمىسۇن. قايغۇ مەن بىلەنلا كەتسۇن دەيدىغاندۇ.

ئاسىم چاۋۇش مەمەتنىڭ قاچمىغانلىقىغا ھەيرانكەن. ئىلگىرى نۇرغۇن قېتىم قورشىۋالسىمۇ قويىندىن،

ساقلىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىپتىكەن. چاۋۇش ساقچىلارنى قورشاۋنى تارايتىشقا بۇيرۇپتۇ. قېنى مەمەتنىڭ ئوق ياسايدىغان زاۋۇتى يوقتۇر. تۈگىمەيدىغان ئوقى يوقتۇر. ئاتسۇن، كېرەك يوق ھامىنى تۈتىمىز.........

مەمەت بىلەن ئاچىسى ئىراز غارنىڭ ئىغىزىدا تۇرۇپ ساقچىلارنى يېقىن كەلتۈرمەپتۇ. ئىراز ئاچىسى مىلتىقنى ئوقلايدىكەن. مەمەت ئاتىدىكەن. ئېتىۋېرىپ قىزىپ ئوق ماڭمايدىغان بولۇپ قالغان قورالنى ئىراز ئاچىسى سوۋتىدىكەن. مۇزدەك توپىغا سۇركەيدىكەن. يەنە ئوق سېلىپ بېرىدىكەن. تولغاق يەۋاتقان خەدىچەنىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىپ قالسا،ئۇنىڭ يېنىغا يۈگرەيدىكەن. يۆلەيدىكەن.

سوغۇق غارنىڭ ئىچىدە تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتكەن مەمەت، خەدىچە ۋە ئىرازلار ئۇياندىن-بۇيانغا يۈگرەيدىكەن. توختىماي ئاتىدىكەن، تولغاق دەردىنى تارتىدىكەن، بۈگۈن توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتقان كۈن بوپتۇ. ئاچىسى ئىراز ئادەم بالىسى مۇشۇنداق كۈندىمۇ تۇغامدۇ دەپتۇ. بۈگۈن دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىراش يەر مۇشۇ غارنىڭ ئىچى بوپتۇ....

ئاخىرى مەمەتنىڭ ئوقى تۈگەپتۇ. ئۇنىڭ ئوق ياسايدىغان زاۋۇتى يوقكەن. تۈگىمەس ئوقىمۇ يوقكەن. ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ تۈگىمەس ئەسكىرى بارئىكەن. مەمەتنىڭ ئوقى تۈگەپتۇ. خەدىچەنىڭمۇ تولغاق نالىسى تۈگەپتۇ. مەمەت ئاۋاقنىڭ ئوغلى تۇغۇلۇپتۇ.

ئىراز ئاچىسى ئوغۇلكەن دەپتۇ. كونا ئادەت بويىچە كىندىكىنى كېسىپ، تۈز سۇيىدە يۇيۇپ زاكىلاپتۇ...

مەمەت ھېرىپتۇ. ئوغلى تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەسلىدە شۇنداق ھېرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ. بالا تۇغۇلغاندا ئاندىن بۇنى ھېس قىپتۇ. چىرايىدە شۇنداق بىر خاتىرجەملىك، ھەممە ئىشنى تۈگىتىپ بولغان ئادەمنىڭ چىرايىدەك بىپەرۋالىق پەيدا بوپتۇ......

مەمەت پەستىكى ساقچىلارغا مەن تەسلىم بولمەن دەپتۇ. ساقچىلار ئىشەنمەپتۇ. ھۆكۈمەتنى شۇنداق ئاۋارە قىلغان قاراقچى مەمەت ئاۋاق تەسلىم بولمەن دەيدىغۇ. بۇ مۇمكىنمۇ دىيىشىپ كېتىپتۇ.

بىرەيلەننى غارغا كىرگۈزۈۋېتىۋ. كىرگەن ساقچى غاردىكى ئەھۋالنى، ئىككى ئايالنى، مەمەتنى، قۇچاقتىكى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى كۆرۈپتۇ. ئاندىن ئىشنىپتۇ. مەمەتنىڭ تەسلىم بولغانلىقىغا ئاسىم چاۋۇشمۇ ئىشنىپتۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ھېلىغۇ مەمەت ئاۋاقكەن ، گېزىك تۇرانمۇ تەسلىم بولاتتى دېيىشىپتۇ. ئۇنىڭ نىمىشقا بۇ قېتىم قاچمىغانلىقىنى ئەمدى بىلىپتۇ.

ئىراز قەپەزگە سولىنىۋالغان چىشى شىردەك ھەممىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپتۇ.

ھەي ئاسىم چاۋۇش، سەن مەمەت ئاۋاقنى تۇتالايدىغان ئادەمما، سىلەرنىڭ مېنىڭ مەمىتىمنى تۇتالىغۇدەك ھالىڭلار بارمۇ ؟ ئىست سەندەك ئەركەكلەرنى، قايسى ئەخمەق خوتۇن سىلەرنى ئەر دەپ قوينىغا سالار. مۇشۇ بالا بولمىسا بىز بىلەن تىرىك كۆرۈشەلەمتىڭ.....تەلييىڭلار شۇنچىلىككەن، تولغاق يەۋاتقان خوتۇن سىلەرگە پۇرسەت بولدى. بۇ ئەر كىشىگە يارىشىدىغان پۇرسەتمۇ.....ئىست....سىلەرنى كۆتۈرگەن يەرگە، سىلەرنى باققان ئانىغا... ئىست دەپتۇ. ساقچىلار مىلتىقلىرىنىڭ قونداقلىرى بىلەن ئىرازنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇپتۇ. ئىراز قان ئېقىۋاتقان ئاغزى بىلەن تىللاشنى توختاتماپتۇ.

ئاسىم چاۋۇش ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ ئەسلىدە مەمەتنىڭ بۇنداق تۇتىلىشىنى خالىمايدىكەن. ئۆزىنىڭ نامىغا يارىشا ھەققى مەيداندا تۇتۇشنى خالايدىكەن. چاۋۇشقا نىمىشقىمۇ ھەققى شەرەپ نېسىپ بولمايدىغاندۇ. ماۋۇ خوتۇننىڭ گەپلىرى ئەتىلا پۈتۈن چوقۇر ئوۋاغا تارايدىكەن. ئاسىم چاۋۇشنىڭ يۈزىگە سەت بولىدىكەن. كىشىلەر ئاسىم چاۋۇشنى كۆرگەندە ئەنە، مەمەت ئاۋاقنى خوتۇنى تولغاق يەۋاتقاندا تۇتىۋالغان باتۇر چاۋۇش كېلىۋاتىدۇ دېيىشىدىكەن. بالىلىرىنى ھېلىقى قەھرىمان چاۋۇشنىڭ بالىلىرى دەپ مەسخىرە قىلىدىكەن.......

ئاسىم چاۋۇش ئۆزىگە پۇرسەت ئەمەس، مەسخىرە بولغان بۇ غەلىبىگە ئۆلگۈدەك بوپتۇ. مەمەتكە ياكى ماۋۇ خوتۇنغا ياكى ھەمراللىرىغا ئەمەس. ئۆزىنىڭ بۇ كاج تەلييىگە شۇنداق ئۆچلىكى كەپتۇ. شەرەپ بىلەن نومۇس ئۇنى مەسخىرە قىپتۇ. قايسىسى شەرەپ قايسىسى نومۇس....... كالللىسى قېتىپلا قاپتۇ.

بۇرۇنقى ئۆمرىدىغۇ شەرەپ نېسىپ بولماپتۇ. كېيىنكى ئۆمرى نومۇسقا چىلىشىپ قالۇرمۇ .....چاۋۇش سەسكىنىپ كېتىپتۇ.

مەمەت، مەن سېنى ئوبدان بىلىمەن. سەن ئەزەلدىن بىزنى ئۆلتۈرۈش غەرىزىدە بولمىدىڭ، ئۆلتۈرگەندەك پۇرسىتىڭ بولسىمۇ ئۆلتۈرمىدىڭ. مەن دۇنيادا خالىمايدىغان ئىش، مېنىڭ چاۋۇش بولۇپ قالغانلىقىم سېنىڭ قاراقچى بولۇپ قالغانلىقىڭ. مەن خالىمايتتىم. مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. ئەمما خىزمىتىم ھېچنېمىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. سەن كەت، ھازىرلا ئاياللارنى ئېلىپ كەت دەپتۇ. كەت دەپتۇ.

چاۋۇشنىڭ ئېغىزىدىن شۇ گەپ چىقىپتۇ. خۇدا ئاختا قوشقارغا مۈڭگۈزمۇ بېرىدىكەن. خۇدايا تووۋا ! ساقچىنىڭ ئىچىدىمۇ، ژاندارمىنىڭ ئىچىدىمۇ مەرتلىكنى ئەلا بىلىدىغان ئادەم بولىدىكەن. توۋۋا، قۇلاق ئاڭلاپ، كۆز كۆرمىگەن ئىشقۇ بۇ. قۇدرىتىنىڭ چەكسىز...پەرۋاردىگار.

مەمەت ئاۋاق چاۋۇشقا باشقا گەپ قىلماپتۇ. شۇنداق بىر نەزەردە قاراپتۇ. خۇددى سۇلايمان چوڭغا، ھۆرى ئانىسىغا قارىغاندەك قاراپتۇ. مەن كەتتىم چاۋۇش، ئۆزەڭنى ئاسرا دەپتۇ.......

چوقۇر ئوۋانىڭ قىش كۈنلىرى سوغۇق بولىدۇ. تورۇس تاغلىرىمۇ سوغۇق بولىدۇ. ئەمما كۈندۈزى تاغ ئىچى كۈنگە يېقىن بولغاچقىمۇ ئىللىق بولىدۇ. بىزنىڭ تاغلارمۇ شۇنداق. ئادەم قىشلىقى سوغۇقمىكىن دەپ ئويلايدۇ. ئەمما شۇنداق ئىللىق يەرلىرىمۇ بار. شەھەرنىڭ تۇمانلىرى كۈننىڭ ئىللىق نۇرىنى ئۆتكۈزمەيدۇ. ئەمما تاغلاردا ئىس-تۇمان بولمىغاچقا، كۈن ئىللىق نۇرىنى خالىغانچە چاچالايدۇ. جاھاننى ئىللىتالايدۇ...........

خەدىچە توغۇت ئازابىدىن، ئۇزۇن ۋاقىتلار ئاچ-توق يۈرگەنلىكتىن ئەسلىگە كېلەلمەپتۇ. دۇنيانىڭ خۇۋلىقىنى، چوقۇر ئوۋادا سېتىۋالماقچى بولغان يەرلىرىنى، قىزىل رەڭلىك ئىنىكىنى، تېرىيدىغان ئىككى قۇر پېيىزنى كۆرەلمەپتۇ. يامان كۈنلەردە مەمەتكە ھەمرا بولغان خەدىچە، كېيىنكى كۈنلەردە ھەمراھ بولالمايدىغان بوپتۇ. ئوغلىنى، ئاچىسى ئىرازنى تاشلاپ كېتىپتۇ. چاقىلىقتىكى ھېلىقى تۇردى يىڭناڭنىڭ

ئايالى، كۆكتىن چۈشكەن پەرىشتە ھاشخان تۇەنجاڭ، ئوغلى ئىسمائىلنى تۇغۇپ ئۆلۈپ كەتكەندەك ئۆلۈپ كېتىپتۇ. قىسقىغىنە ئۆمرىدە لەززەتلىك كۈنلەرنىمۇ، ئىنسان چىدىمايدىغان مۇشەققەتلەرنىمۇ كۆرۈپتۇ. تۆھمەتنىمۇ، مۇھەببەتنىمۇ، ئازاپ-خوشاللىقنىمۇ كۆرۈپتۇ. ئەمما ئىسسىق ئۆيدە، خاتىرجەم ئولتۇرۇپ باللىرى ۋە ئېرى بىلەن بىر قېتىم تاماق يېيەلمەپتۇ. بىر قېتىم بولسىمۇ ئەتتىگەندە ھاي ئورنىڭلاردىن تۇرۇڭلار، چاي تەييار بولدى دىيەلمەپتۇ. ھەرقانداق ئايال زاتىغا نېسىپ بولىدىغان شۈنچىلىك ئاددى تۇرمۇشمۇ خەدىچەگە نېسىپ بولماپتۇ. دۇنيادا ئادەم كۆتۈرگۈسىز ئازاپلاردىن چارچاپ كەتكەن خەدىچە ئورنىدىن ئاخىرقى قېتىم تۇرالماپتۇ. ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىگە ۋەلىنىڭ قاتىلى خەدىچە ئۆلۈپ كەتتى دەپ يېزىلىپتۇ............

تاغلىقلار ياكى دىخانلار بولسۇن شۇندىن كېيىن مەمەتنى كۆرمەپتۇ. مەمەت خۇددى ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندەكلا يوقاپ كېتىپتۇ. يەرگە كىرىپ كەتمەپتۇ. بولمىسا بىرەر ئىنسان كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولاتتىكەن. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى كىمدىن سورايسىز. ئۇ دىگەن يىلتىزى يوق قاراقچى تۇرسا. ياراتقان ئىگىسىنىڭ يېنىغا كەتمىگەن بولسىلا يۈرۈيدىغاندۇ.

ئابدى ئاغا مەمەت يوقاپ كەتكەندىن كېيىنمۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە يېزىغا كېلەلمەپتۇ. ماراپتۇ. كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا شۇنداق پاراڭلار ئېقىپ يۈرۈيدىكەن....مەمەت ئاۋاق چوقۇر ئوۋانى تاشلاپ كېتىپتۇ.... بالىسىنى ئېلىپ ھېچكىم بىرىپ باقمىغان يەرلەرگە كېتىپتۇمىش.... چوقۇر ئوۋاغا قارىمايمەن.... يېقىنلىرىمنى ئۆلتۈرگەن يەرلەرگە ئەمدى كەلمەيمەن دەپتۇ... بالامنى باقاي دەپتۇ............

ئابدى ئاغا دەگىرمەن ئولۇككە قايتىپ كەپتۇ. يېزىغا قايتىپ كەپتۇ. دىخانلارنىڭ چۈشتەك كۈنلىرى ئاخىرلىشىپتۇ. ئابدى ئاغا مەمەتنىڭ دەستىدىن بىر يىل يىغالمىغان ئاشلىقلىرىنى، مەمەت سەۋەبىدىن

تارتقان زىيانلىرىنى قوشۇپ ھېساپلاپ چوقۇر ئوۋادىكى بەش يېزىنىڭ ئادەملىرىگە چېچىپتۇ. ھەممىسى ئۇچ يىللىق سېلىققا تەڭ بوپتۇ. مەمەتكە يېقىنچىلىق قىلغىنىنى بۇرنىدىن چىقارماقچى بوپتۇ. دىخانلار خېلى ۋاقىت تاياق يېمىگەچكە دۈمبىسىدىكى تاياق يارىلىرى ساقىيىپ قالغان ئىكەن. ئارام تېپىپ قالغان ئىكەن. قايتىدىن تاياق يېيىش باشلىنىپتۇ. بىر قاراقچى جاھاننى ئۆزگەرتەلەمتى. ھۆكۈمەت دىگەن يەنىلا ھۆكۈمەتتە. مەمەت ئاۋاقنىڭ ھىكايىسى كونا تۈرمۈشقا قايتقان دىخانلار، تاغلىقلار ئارىسىدا ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇپتۇ. تۈرمۈش ئىزىغا چۈشۈپتۇ. ئابدى ئاغا يەنىلا ئاغا بوپتۇ. يېزىلىقلار يەنىلا ئۇنىڭ دىخانچىلىقىنى قىلىپ جان بېقىشنى باشلاپتۇ. بۇ قېتىمقى جان بېقىش ئىلگىرىكىلەردىن بەكرەك تەسكە توختاپتۇ. تېخىمۇ يامان كۈنگە قاپتۇ.....بەزىدە دىخانلار پاراڭلىشىپ قالسا، مەمەت ئاۋاق ئۆلگەنمىدۇ دىيىشىپ قويىدىكەن.....

چوقۇر ئوۋانىڭ ياز پەسلى بۇ يەرلەرگە ئوخشاشلا سالقىن باشلىنىدىكەن. كېيىن بىراقلا ئىسسىپ كېتىدىكەن. ئوخشاشكەن. تومۇزدا يېرىم كېچىدىن كېيىن ئازراق سالقىن بولىدۇ. كۈندۈزى يەنىلا تىنجىق ئىسسىق. ئىسسىقتا ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئىسسىق دەپ ئىشلىمەي بولامدۇ. ئەمما ئىسسىقتا ئۇخلىغىلى بولمايدۇ. تىنجىق دەستىدىن ئۇيقا قاچىدۇ. كېچىنىڭ تەڭ يېرىمى ئۆتۈپ ھاۋا ئازراق سالقىنلىغاندا ئاندىن ئازراق ئۇخلىغىلى بولىدۇ..........

ئەمدىلا كۆزى ئۇيقىغا بارغان ھۆرى ئانا، بىرسىنىڭ ھۆرى ئانا دەپ چاقىرغىنى ئاڭلىغاندەك بوپتۇ. يۈرىكى قوزغىلىپتۇ. قۇلاق ساپتۇ. راستىنلا بىرى چاقىرىۋاتقان ئىكەن. ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئىشىك ئالدىدا بىر ئاتلىق ئادەم تۇرغىدەك. ئاپپاق ئاينىڭ نۇرىغا چىلىشىپ بىر ئاتلىق تۇرغىدەك. مۇرىسىگە ئېسىۋالغان مىلتىقىنىڭ ئۇچى ئاي نۇرىدا يالت-يۇلت قىلىپ تۇرغىدەك.

-ھۆرى ئانا . مەن مەمەت ئاۋاق......

ھۆرى ئانىنىڭ پۇتلىرى يۇمشاپ كېتىپتۇ. ئۆزىنى كۆتۈرەلمەپتۇ. بىر يىلدىن تارتقان ئازاپلىرى، ئېرى دۇرمۇش ئەلىنىڭ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى... ھەممە دەردى مەمەتنى كۆرۈپ ئېسىگە كەپتۇ. ھەممىسى

بىراقلا ئۇنى بېسىپ يىقىتىپ قويۇپتۇ. يېقىننى ، ئاۋنقنى، شۇڭقارنىنى كۆرۈپ ئېسىگە كەپتۇ. يۇمشاق بولۇپ ئولتۇرۇپلا قاپتۇ.

مەمەت ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنى يۆلەپتۇ. نۇرغۇن گەپلەرنى قىپتۇ. ھۆرى ئانىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەپتۇ. قۇلىقىغا ئۆزىنىڭ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان ئاۋازىلا ئاڭلانغۇدەك.

بىر چاغدا مەمەت ئابدى ئۆيىدە بارمۇ دەپ سوراپتۇ. ھۆرى ئانا ئېسىگە كەپتۇ. ئابدىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئېسىگە كەپتۇ. بەدەنلىرى قاتتىق بوپتۇ. قانلىرى شىددەت بىلەن ھەركەتلىنىپتۇ.

ئابدى بار . جېنىم بالام ئۇ بار. ئاپاڭنىڭ قاتىلى، تاغاڭنىڭ قاتىلى، خەدىچەنىڭ قاتىلى، يېزىلىقلارنىڭ قاتىلى ئۆيىدە بار. ئۇ تېخىچە ياشاۋاتامدۇ.... دەپتۇ.مەمەت بولدى ئانا سەن قال. مەن بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ھېساپلىشىمەن دەپتۇ.

مەمەت ئابدىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. تاغدىن كەلدىم. ئاغامغا يەتكۈزىدىغان گەپ بار دەپ ئىشىكنى ئاچتۇرۇپتۇ. ئابدى ئاغا كىمسەن دەپ كۆرۈشكىلى چىقىپتۇ. مەمەت،

-مەن، مەمەت ئاۋاق دەپتۇ.

ئابدى گەپ قىلالماپتۇ. توختىماي ئۇياق-بۇياققا قارايدىكەن. قوللىرىنى نىمىگىدۇ ھەركەتلەندۈردىكەن....مەن...بىلەتتىم....مەن....بىلەتتىم....دىگەن گەپنىلا تەكرارلايدىكەن.

ئورنىدا تۇرالمايدىكەن. مەمەت ئابدىنى ئالدىغا سېلىپ يېزىنىڭ كوچىسىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا ئەكەپتۇ. مەغرۇر ئابدى ئاغا يىتىم ئوغلاق مەمەت ئاۋاقنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ. ماڭماي بولامدۇ، قولىدا قورال تۇرسا. ياقنى ئىتەك، ئىتەكنى ياقا قىلغان ئەشۇ قورال تۇرسا.

ئايدىڭدا مەمەت تاغچىلارنىڭ ئاتلىق ئۇسۇلدەك ھەركەتلەرنى قىپتۇ. ئابدىنى ئايلىنىپتۇ. بىر چاغدا مىلتىقنى ئېلىپ ئابدىنىڭ بېشىغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. مىلتىقتىكى ئوقى تۈگىسە قايتىدىن ئوق سېلىپ ئېتىپتۇ. توختىماي ئېتىپتۇ. ئابدىنىڭ ، يالماۋۇزدەك ئابدىنىڭ يەتتە جېنىغا قوشۇلۇپ يەتمىش جېنىنىڭ ھەممىسى چىقىپتۇ......

مەمەت ھۆرى ئانىنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

-ھۆرى ئانا مەندىن رازى بول. مەندىن رازى بولۇڭلار دەپتۇ.

مەمەت ئاي يورۇقى بىلەن كېچە قاراڭغۇلىقى ئارىلىشىپ كەتكەن يولدا ئۇزاپ كېتىپتۇ. شۇندىن كېيىن مەمەتتىن خەۋەر بولماپتۇ. .....

بۇ قېتىم ئابدى ئۆلۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۆلىكى ئەتىسى دىگەرگىچە مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپتۇ. خوتۇن-باللىرىمۇ يىقىن كەلمەپتۇ. يىغلاپمۇ قويماپتۇ. يېزىلىقلار بىرلەپ-ئىككىلەپ يىغىلىپتۇ. ئادەم ئۆلۈكىگە قارىغاندەك قارىماپتۇ. يىرگىنىپ قاراپتۇ. خۇددى سېسىپ كەتكەن تۇڭگۇزنىڭ ئۆلىكىگە قارىغاندەك قاراپتۇ. چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قاراپتۇ. بەزىلەر يەرگە تۈكۈرۈپتۇ. ئۇلار ئابدى ئاغا بار يەردە تۈكۈرۈپ باقماپتىكەن. تۇنجى قېتىم ئابدى ئاغا بار يەردە تۈكۈرۈپتۇ. بىرنەچچەيلەن ئابدىنىڭ ئۆلىكىنى ئاپىرىپ كۆمۈپ قويۇپتۇ.

كوچىدىكى ئادەملەر توپىنىڭ ئىچىدە كۆمۈش چاچ تەڭگىلىرىنى تاقاپ، ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭىۋالغان ھۆرى خاتۇنمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭ كۆڭلىكى يېنىك لەپىلدەپ تۇرىدىكەن. يىراقتىن خۇددى يېڭى تويى بولغان قىزدەكلا كۆرۈنىدىكەن...........

يېزىدىكىلەر يەرلىرىنى تېرىيدىغان بوپتۇ. ئابدى ئاغىنىڭ يەرلىرىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ يېرىنى تېرىيدىغان بوپتۇ. تېرىقچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى دىخانلار بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، چىرايلىق ياسىنىپ مەيدانغا يىغىلىپتۇ. ئابدال ئوغلى بايرام ناغرىنى شۇنداق شوخ چېلىپتۇ. چوقۇر ئوۋادا ھېچقانداق ئابدال ئۇنىڭدەك چالالمايدىكەن. جۇمە سۇناي چېلىپتۇ. ئۇلار چالغان كۈيلەرنى ئولتۇرۇپ تىڭشىغلى بولماپتۇ. كىملا بولسا ئورنىدىن كېتىپتۇ، غۇلاچلىرىنى كېرىپ ئۇسۇل ئويناپتۇ.

يېزىلىقلار شۇنداق بايرام خوشاللىقى بىلەن چېقىر تىكەنلىككە بېرىپتۇ. ئالدى بىلەن يۇرتنىڭ چوڭلىرى مەمەت ئاۋاق ئوت ياققاندەك تىكەنلەرگە ئوت يېقىپتۇ. چېقىر تىكەن شۇنداق تېز كۆيىدىكەن. دەسلەپ ئازراق يەرگە ئوت يېقىلسىمۇ بىر پەستە ئۇيدەك، خاماندەك جايغا كېڭىيىدىكەن. ئوت كېچىچە كۆيۈپتۇ. يېزىلىقلار ئوت يورىقىدا ئۇسۇل ئويناپ ناخشىلار ئېيتىپتۇ. چېقىر تىكەنلىككە ئوت يېقىلغاندا يىراقتىكى

ئەلى چوققىسىدىمۇ بىر يورۇق پەيدا بولۇپتۇ. خېلى كۈنلەرگىچە چوققىدىكى يورۇق ئۆچمەپتۇ. چوقار ئوۋادا ھەر يىلى تېرىقچىلىق باشلاشتىن ئىلگىرى چېقىر تىكەنلەرگە ئوت يېقىش بايرامغا ئوخشاش ئادەتكە ئايلىنىپتۇ. ئەلى تېغىدىكى يورۇقلۇقمۇ ھەر يىلى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ..........

شۇنداق قىلىپ مەمەت ئاۋاق رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى تۈگىدى. ئىككىنچى قىسمىنى ئىنشائاللا، كېيىنكى قېتىم سۆزلەپ بېرەي.

2010يىلى 11-ئاينىڭ 10 كۈنى.

قومۇل شەھەر شەھەر ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنت..

Abdurehim ablathan

## مەمەت ئاۋاق ھەققىدە پاراڭ2-قىسىم

# ئابدى كەتتى، ھەمزە كەلدى.

بەزىلەر ئەلى ساپا باينى  مىللى كارخانىچى دەيدىكەن. بەزىلەر ئۇنى بىر پۇرسەتپەرەس دەيدىكەن. باشقىلار نىملا دىمىسۇن، ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىدە "ئەلى ساپا باي - ئۇرۇش قەھرىمانى" دەپ يېزىلغان ئىكەن.

كونىلارنىڭ دىيىشىچە ئەلى ساپا باي مىللى ئازاتلىق ئۇرۇشى دەۋرىدە تورۇس تاغلىرىغا چىقىپ ئازاتلىق ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ئىكەن. ئىسمى كونا قەھرىمانلارنىڭ ئىسمىدەك ھەيۋەتلىك

بىلىنمىگەنمۇ كېيىن ئۆزىنى "تايپۇنباي" دەپ ئاتاپتۇ. فىرانسۇز تاجاۋۇزچىلىرى شەھەر-يېزىلارنى بۇلاپ يۇرگەندە بىزنىڭ بۇ تايپۇنباي فىرانسۇزلارنى ئىزدەپ بارماپتۇ. فىرانسۇزلارمۇ بۇ تايپۇن باينى ئىزدەپ تاغلارغا چىقماپتۇ. چۈنكى فىرانسۇزلار ئۆزىگە زىيان يەتكۇزمىگەن ئادەمنى دۇشمەن ھىساپلىمايدىكەن. مانا شۇنداق قىلىپ، ئەلى ساپا باي (تايپۇنباي) تۇرك مىللىتىنىڭ ئازاتلىقى ئۇچۇن قىلغان كۇرەشلىرىنى بىرمۇ دۇشمەن بىلەن ئۇچىرىشىپ قالماي بىخەتەر داۋاملاشتۇرۇپتۇ. مەملىكەت ئازات بولۇپ يېڭى تۇرك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن سىرىق باش(مۇستاپا كامال)نىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭمۇ چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جەڭچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ ھەمدە تۇرك مىللىتى نامىدىن تەشەككۇر بىلدۇرۇپ مېدال بىلەن تەغدىرلەپتۇ.

ئەلى ساپا باي شەھەر تۇرمۇشىغا كۆنەلمەيدىكەن. يېزا-سەھرا تۇرمۇشى ياقىدىكەن. شۇڭا ۋەتەن قوغداش ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاناۋارزاغا يوتكىلىپ رايون باشلىغى بوپتۇ. ئۇ يېڭى كەلگەندە بىر غېرىچمۇ يېرى يوق ئىكەن. ئۇ تىرىشىپتۇ. قانداق قىلىپ ئازاتلىق قەھرىمانى بولغان بولسا يەنە شۇنداق قىلىپ يەر ئىگىسى بوپتۇ. نۇرغۇن يەرگە ئىگە بوپتۇ.

ھەممە ئادەمنىڭ خۇمارى بولىدۇ. تاماكا خۇمارى، كەپتەر خۇمارى، ئايال خۇمارى، ئىت خۇمارى، كىتاپ خۇمارى ...دىگەندەك. ئەلى ساپا باي خۇمارلارنىڭ ئىچىدە يەر خۇمارىنى ھېچقايسىسى بىلەن تەڭ قىلمايدىكەن. ئاناۋارزادا ھېچكىمنىڭ، ھەتتا ئون ئەۋلات يەر تېرىغان دىخانىنىڭمۇ ئەلى ساپانىڭكىدەك يەر خۇمارى يوق ئىكەن. بىپايان تۇرك زىمىنى ئارىسىدا ئاناۋارزانىڭ يېرى ئەڭ ياخشىكەن. ئەلى ساپا باي بۇنى بىلىدىكەن. بۇ زىمىن كۆيگۇدەك، سۆيگۇدەك زىمىنكەن.

ئەلى ساپا باي داۋاملىق "ئادەم كۇرەش ئىچىدە ياشىشى كېرەك " دەيدىكەن. ئۇ "كۇرەشلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى يەر ئۇچۇن قىلغان كۇرەش. بۇ كۇرەش مۇقەددەستۇر " دەيدىكەن. ۋاقىت ئۆتكەنچە ئۇنىڭ كۇرەشلىرى بارا-بارا تەسلەپ كېتىپتۇ. ئىلگىركىدەك، بەش كىلو توزغا ياكى بىر ئۆچكىگە، بىر ئىشەككە بىر پارچە يەرنى تېگىشىۋالىدىغان دەۋرلەر كەلمەسكە كېتىپتۇ. ئۇ چاغلاردا يىگىرمە مىڭ كويغا بىر يېزىنى، يېزىنىڭ يەرلىرىنى، سۇلىرىنى سېتىۋالغىلى بولىدىكەن. پۇتۇنلەي سېتىۋالغىلى بولىدىكەن. ئەمما

ھازىرچۇ ؟

ھازىر دىخانلارنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قاپتۇ. ئەلى ساپانىڭ يەر ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرى يەرنىڭ قىممىتىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويۇپتۇ. بىراق كېرەك يوق. كۈرەش كەسكىنلەشسە ئاندىن ئادەمگە لەززەت بېغىشلايدىكەن.

ئەلى ساپا باينىڭ خانىمىمۇ چىداپتۇ. ئىستانبول، ئەنقەرەدىكى زامانىۋى تۇرمۇشقا يارالغان مەلىخە خېنىمنىڭ ئاپپاق پاچاقلىرىنى پاشا-كۆمىتىلەر چېقىپ ھۆررەك قىلىۋېتىپتۇ. يوتىلىرىغىچە چېقىپ يارا قىلىۋېتىپتۇ. ھەممە يېرىنى چېقىپ بوپتۇ. بىراق چىداپتۇ. باي دادىسىنىڭ چوڭ شەھەرگە كۆنگەن ئاررۇلۇق قىزى كۈندە ئۈستى-بېشى پاسكىنا دىخانلارغا چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن قاراشقا مەجبۇر بولىدىكەن. ئىست ! شەھەرگە يارالغان شۇ كۆزلەر. تېخى ساۋاتسىزلارنىڭ سالاملىرىغا سالام قايتۇرىدىكەن. ئوقۇغان يۇقۇرى مەلۇماتلىق مەلىخە خېنىمنىڭ كۈنىمۇ بۇ ! ئەمما ئۇ چىداپتۇ. ئېرىنىڭ مۇقەددەس كۈرەشلىرى ئۈچۈن چىداپتۇ.

ئەلى ساپا باي كۈرەشنى دەسلەپ ۋاي ۋاي يېزىسىدىن باشلاپتۇ. چۈنكى ۋاي ۋاي يېزىسى باشقا يېزىلاردىن چوڭراقكەن. چوڭنى يىقاتسا، كىچىكى ئۆزى يىقىلىدىكەن. ئەمما چوڭنى يىقىتماقمۇ ئاسان ئەمەسكەن. يېزىنىڭ دىخانلىرى ئەلى ساپانىڭ كۆزىگە قادالغان مىقكەن. كىچىككىنە مىقى ئەمەس، يوغان ئورۇس مىقكەن. ئەسلى يېڭى ئىش باشلىغاندا سەل ياخشىكەندۇق. كىتەي مىقكەندۇق. ئەمما ھازىر ھەممىسى ئۆزگۈرۈپتۇ. ھازىر ئۇلار يا خۇدادىن قورقمايدىكەن ، ياكى چوڭلارنى ھۆرمەتلەشنى، ھۆكۈمەتتىن تارتىنىشنى بىلمەيدىكەن. يا قاراقچىدىن قاچمايدىكەن. ئىشقىلىپ ياخشى يامانىنى پەرقلەندۈرمەيدىغان بولۇۋاپتۇ. ئورۇس مىقدەك تۇرىۋاپتۇ.

يېزىلىقلارنى ئالداشنىڭ ھەر خىل چارىلىرى تۈگەپتۇ، چىرايلىق گەپنىڭ خالتىسىلا قاپتۇ.

ئويلىساڭ، تىرىشساڭ ئامال بولىدىكەن. ئەمدى ھجىيىپ تۇرۇشنى قاپاقنى تۈرۈشكە ئۆزگەرتىپتۇ. تېرورچىلىقنىڭ ئۇسۇللىرىنى تېپىپتۇ. قەلەيچىدەك قاراقچىلارنى ئىشقا سېلىپتۇ. دىخانلارنى بۆلتىپتۇ. ئۇ يەر بۇ يەردە يوشۇرۇن ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۇنىمىنىمۇ كۆرۈپتۇ. يەردىن تويۇپ ئەلى ساپا بايغا

ئېلىشىغا سېتىپ كەتكەنلەرمۇ بولۇپتۇ. مەمەت ئاۋاق قەلەيچىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن بۇ چارىنىڭمۇ قۇيرىقىنى قۇم بېسىپتۇ. يېزىلىقلارنىڭ ئاخىرقى جاھىللىرى يېزىغا، يېزىدىكى بىر پارچە يېرىغا چاپلاشقىنچە تۇرىۋېرىپتۇ.

ئەلى ساپا باي بىلەن خوتۇنى ئۆلارغا ئېچىنىدىكەن. ئۇلۇغ تۈرك دۆلىتىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىغا توسالغۇ بولىۋاتقان بۇ دىخانلارغا ئاچچىقلىنىدىكەن. تۈرك مىللىتىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تارتىۋاتقان قىينچىلىقلىرىغا ئاھ ئۇرىدىكەن. شۇ ۋاي ۋاي يېزىسى قولىغا چۈشكەن بولسا، ھەي ئىست ! ئەلى ساپا پۈتۈن ئاناۋارزانى پوپايكىنىڭ يىپىنى سۆككەندەك سۆكىۋېتەركەن. ئۇمۇ بولار. بىر كۈنى بولار. نائۇمۇت بولمىسۇن......

تىرىشساڭلا تاشتىن ياغ چىقىدۇ، دىگەندەك ئاخىرى ئەلى ساپا باي ۋاي ۋاي يېزىسىنى قولغا كىرگۈزىدىغان ئامالغا ئېرىشىپتۇ. ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىر ئامال تېپىپتۇ. ئىككىسى بۇ چارىدىن ھەيران قاپتۇ. بۇ پىلان ئۈچۈن بىر پارچە يەر كېرەك بولىدىكەن. بۇ يەرنى قولغا ئالغاندىلا پىلانى ئەمەلگە ئاشىدىكەن. بۇ يەر يوباز ئوغلى ھەسەن دىگەن دىخاننىڭ ئىكەن. بۇ يەرنىڭ خېتىنى قولغا ئېلىپ ئازراق ئۆزگەرتىپ قويسىلا يەرنى، ئەتراپىغا قانچىلىك كېڭەيتىش كېرەك بولسا شۇنچىلىك كېڭەيتكىلى بولىدىكەن. رېزىنكىدەك سوزغىلى بولىدىكەن. پۈتۈن ۋاي يېزىسىنىڭ بۇ دائىرىگە قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمەي قالىدىكەن.

پىلان بولار شۇنچىلىك بولار. ئەلى ساپا باي بۇ پىلاننى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ھېلىقى باشلىققا شۇ سورۇندىلا مىڭ كوي سۇيۇنچە بېرىپتۇ. قۇچاغلاپ قويۇپتۇ. ئايال زاتىنىمۇ ئۇنداق قۇچاغلاپ باقماپتىكەن. ھاياجانلىنىپ ئۈچ كۈنگىچە ئۇيقىسىمۇ كەلمەپتۇ.

باي ھېلىقى يەرنىڭ ئىگىسى ھەسەننى چاقىرىپتۇ. ئۇنىڭغا يېرىنى ئۆزىگە بېرىپ، خالىغىنىنى ئېلىشنى ئېيتىپتۇ. قانچىلىك پۇل ياكى باشقا يەردىن قانچىلىك يەر سورىسا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھەسەن ئۇندىمەپتۇ. ئىلگىرى 40 كويغا سورىغان يەرنى ئەمدى تۆت يۈز كويغا سورىسىمۇ خالىماپتۇ. يوباز ئوغلى يېرىنى سېتىشنى خالىمايدىكەن. ئۇ دىگەن يېزىلىق دىخانكەن. ھەممە نىمىنى سېتىۋېرىدىغان

شەھەرلىك چار بازارچى ئەمەسكەن. ھەسەن خالىمىغان سودىغا نىمە دىيىشنى بىلمەپتۇ. ياخشى كۆرۈدىغان نەرسىسىنى ساتقۇسى كەلمەيدىكەن. تار يەرگە قىسىلىپ قالغاندەك ئىششىپ ئولتۇرۇپتۇ. "باي ئاكا، لازىم بولسا يەر سىڭىكى،..." دەپ مازىرەت قىلىپتۇ. "ئەمما شۇ...." دەپ چىرايلىقچە رەتمۇ قىپتۇ. ئەلى ساپا بايمۇ زورلاۋېرىپتۇ. "..سورا...خالىغىنىڭنى....."دەپ قىستاۋېرىپتۇ. .

يوباز ئوغلى ئاخىرى بىر ئامال تېپىپتۇ. باينىڭ بەرمەيدىغىنىنى سوراپتۇ.

- بەرگۈڭ بولسا تورۇقنى بەر. باشقا نەرسە كېرەك ئەمەس!

ھەسەن ھېچنىمە سورىماپتۇ. ئەمما شۇنداق بىر نىمنى سوراپتۇ. سوراپ بولۇپ باينىڭ جاۋابىغا قارىماي چىقىپ كېتىپتۇ.

باي خېلىغىچە ئېسىگە كېلەلمەپتۇ. بىر چاغدا ئېسىگە كەپتۇ. بۇ چاغدا ھەسەن يېنىدا يوق ئىكەن. ئۇنىڭ قاچان چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمىگەن ئىكەن.

ھەسەن سورىغان تورۇق ئاتنى بىر يىل بۇرۇن ئەلى ساپا باينىڭ دوستى ئۇرفادىن ئۇنىڭغا ماڭدۇرۇپ بېرىپتىكەن.ئىككى ياشلىق تايچاقنىڭ سالاھىيەت كىنىشكىسى بار ئىكەن. كىنىشكىگە تايچاقنىڭ ئىسىل نەسىللىك ئاتلىقنى ئەسكەرتكەن ھۆججىتىنىمۇ چاپلاپ قويغان ئىكەن. تايچاق ئات بولغاندا داڭقى مەشھۇر بوپتۇ. ئاتنى كۆرۈشكە كوزاندىن، ئاداناديىن ئەمەلدارلار، بايلار كېلىپ تۇرىدىكەن.

باي ئادىمىزات ياكى ھايۋانىزاتتىن بولسۇن ھېچقايسىسىنى بۇ ئاتتەك ياخشى كۆرمەپتىكەن. ئاتنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىكەن. ئاتنىڭ ئۇستىگە چىقسا ئۆزىنى باشقىچىلا ھېس قىلىدىكەن. تومۇرىدىكى تۇرك قېنى قايتىدىن ئۇرغۇيدىكەن. كۆزلىرى قىسىلىپ ئېغىزلىرى مەھكەم يۇمىلىدىكەن. بارماقلىرى چۇلۇۋرنى قاتتىق سىقىمدايدىكەن. ئوتتۇرا ياشتىن ئۆتكەن ئادەمگە بۇنداق قىرانلىق ھوزۇرنى نىمە بېرەلەيدۇ. ھېچنىمە بېرەلمەيدىكەن. شۇ تورۇقلا بېرەلەيدىكەن. ھەسەن تەپتارتماي باينىڭ ئەشۇ تورۇق ئېتىنى سورىغان ئىكەن. باينىڭ جېنىنى سورىغان ئىكەن.

باي ئېسىگە كەپتۇ. ئاچچىقتىن كىيىشىپ كېتىپتۇ.

ھەسەننىڭ چىقىپ كەتكىنى ياخشى بوپتۇ. بولمىسا ھەسەنگىمۇ ياخشىلىق يوقكەن. شۇ چاغدا بولغان

بولسا باي ئۇنى نىملا قىلىۋەتكەن بولسىمۇ دەردى چىقماسكەندۇق. تەلىيى بار ئىكەن.

بايغىمۇ ياخشى بوپتۇ. ئويلىنىشقا پۇرسەت چىقىپتۇ. ئىش بۇزۇلماي قاپتۇ. ئەڭ مۇھىم پىلانى بۇزۇلماپتۇ. ئوتتۇرىدا يۈزلۈك ئادەملەرنى ماڭدۇرۇپتۇ. باشقا خالىغاننى سورا دەپتۇ. ھەسەن ئۇنىماپتۇ. "يا تورۇق، يا ھېچنىمە...." بۇ جاھىل تۈركنىڭ جاۋابى مۇشۇكەن.

ئاخىرى باينىڭ تورۇققا بولغان ھىسياتىدىن يەرگە بولغان ھىسياتى ئۈستۈن كەپتۇ.

باي تورۇقنى ھەسەنگە بېرىپتۇ. يەرگە ئىگە بوپتۇ. يەر خېتىنى سىقىمداپ تۇرۇپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپتۇ. چىش باشقىلارنىڭ بولغان بولسا تۈكۈلۈپ كەتكۈدەك غۇچۇرلىتاركەن. ئامال يوق، ئۆزىنىڭ چىشى. باي "خەپ ۋاي ۋايلىقلار ئەمدى قان قۇستۇرىمەن." دەپ پىچىرلاپتۇ. "

ھەسەن تورۇققا ئېرىشىپتۇ. ئېغىزى ئېچىلىپتۇ؛

- مانا ئەلى ساپا باي جېنىدىن ئېزىز ئېتىنى بىر پارچە شورلۇق يەرگە تېگىشتى. تورۇقتەك ئاتنى شورلۇق يەرگە تېگىشكەن تۈرك بالىسنى كۆرگەنمۇسىلەر. باي ئۇچۇن شۇ سېسىق يەر مۇھىمكەن...... يەنە بىر پارچە يېرىم بار. ئۇنى باينىڭ خوتۇنىغا تېگىشىمەن. تورۇقنىڭ كەينىگە خوتۇننى مىنگەشتۇرۇپ ئاناۋارزانى ئايلاندۇرىمەن......

ھەسەن قىزىل باشلاردىن ئىكەن. قىزىل باشلار مەردانە، مۇھەببەتلىك كېلىدىكەن. ياماندىن ياكى ياخشىدىن يانمايدىكەن. ئەلى ساپا باي ھەسەنگە گەپ ئېيتتۇرۇپ "ئېغىزىنى يۇمسۇن" دەپتۇ. يوباز ئوغلى ئېغىزىنى يۇمماپتۇ. يېرىنىڭ ئاچچىقى ئېغىزىنى يۇمدۇرماپتۇ. ئەلى ساپا باينىڭ يەر ئۇچۇن قىلغانلىرىنى مەسخىرە قىلىپ يۈرىۋېرىپتۇ.......

ئەمدى مەمەت ئاۋاقنىڭ نەلەردە يۈرگىنىگە دىققەت قىلايلى.

مەمەت ئاۋاق ئابدىنى ئاغىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن شۇ قاچقىنچە تۈركمەن يايلاقلىرىغا بېرىپتۇ. ئۇزۇن تۇرالماپتۇ. يەنە قېچىپتۇ. فىرات دەريا بويلىرىغا بېرىپتۇ. يەنىلا تونۇۋاپتۇ. "سەن مەمەت ئاۋاقكەنسەن" دەپ بىلىۋاپتۇ. ھۆكۈمەتنىڭ تۇتۇش بۇيرىقى بىلەن خەلقلەرنىڭ پاراڭلىرى تېزلىك بىلەن ئەتراپقا تارايدىكەن. "قاراقچى مەمەت ئاۋاق" دىگەن بۇ نام ئۇنىڭدىن بۇرۇن ماڭىدىكەن. ئۇنىڭ نامى بارغانلىكى يەردە ئۇنىڭغا ئاراملىق يوق ئىكەن. بۇركۇتتەك دەرسىم كۇرتلىرىنىڭ ئىچىگە بېرىپتۇ. "مەمەت ئاۋاق" دىگەن ئىسمىنىڭ ئاپتىدىن قۇتۇلالماپتۇ. ئەشۇ يىراقتىكى كۇرت ۋادىلىرىدىمۇ ئۆزىگە ئارامىلق تاپالماپتۇ. ئۆز ئىسمى-زاتىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلالماپتۇ. بۇ ئىسمنى قوغلاۋاتقان ھۆكۈمەت ئادەملىرىدىن قۇتۇلالماپتۇ. ئىچىدىكى قورقۇنۇچ بىلەن ئارلىشىپ كەتكەن سەگەكلىك ئۇنى بىر مىنۇت ئارامدا قويماپتۇ. كىچىك چاغلىرىدا ئابدى ئاغىنىڭ تايىقىدىن قاچقان چاغلىرىنى ئويلاپتۇ. "نىمدىگەن بەختلىك چاغلار...ئۇ چاغلاردا ھېچكىم مەمەتنى تونۇمايدىكەن. ئۇنىڭ دۈشمىنى بىر ئابدى ئاغىلىكەن. ئابدىدىن باشقا ئادەملەر ئۇنىڭ بىلەن كارى يوقكەن. ژاندارمىلارمۇ، ساقچىلارمۇ، باشقا ئەمەلدار-بايلارمۇ ئۇنى ئىزدىمەيدىكەن. جاھان كەڭرىكەن. ئەمما ھازىرچۇ....." مەمەت ئاۋاقنى تاغلارمۇ-تاشلارمۇ تونۇپ كېتىپتۇ. ھەممىسى تونۇپ كېتىپتۇ. دۇنيا كىچىكلەپ ئۆزىنى يوشۇرغىدەك جاي تاپالماپتۇ. بۇرۇن ئىسسىق جېنىنى، ئورۇق تېنىنى يوشۇرۇغلى بولىدىكەن. ئەمما ھازىر جېنىنى ياكى تېنىنى يوشۇرغان بىلەن نامىنى يوشۇرالمايدىكەن. مەمەتنى يوشۇرغىلى بولغان بىلەن "قاراقچى مەمەت ئاۋاق"نى يوشۇرغىلى بولمايدىكەن. مەمەت ئاۋاقنى تونۇيدىغان ئىنسانلاردىن قېچىپ يەنە چۆگىلەپ مەريەمچىل غولىغا، دۈلدۈل تېغىغا كەپتۇ. چۇمۇلدەك ئەسكەر. يەنە قېچىپتۇ. قېچىۋېرىپ ئەلى تېغىغا قايتىپ كېلىپتۇ. ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن قۇرۇتتەك قىملداپ يۇرگەن ساقچىلار..........

قاچە ! مەمەت ئاۋاق. ئەمدى نەگىمۇ قاچارسەن. شۇنىڭ بىلەن مەمەتنىڭ قاچىدىغان يەرلىرىمۇ تۇگەپتۇ. ئىختىيارسىز تۇگۇلۇپ قالدىم. ئۆز بالىسى ئۇرۇپ تىللىغان چاغدىكىدەك يالغۇزلۇق ئىچ-باغرىمغا ياماشتى. دۇنيادا يالغۇز قالغان ئادەمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدىم. ھەرقانداق تەنھالىق بۇنداق تەنھالىققا يەتمەس.

ھەي مەمەت ئاۋاق نەگىمۇ بارارسەن. مۇشتۇمدەك بېشىڭنى قەيەرگىمۇ تىقارسەن. ئۆزەڭ خالىماستىن بېشىشىڭ يوغانلاپ كەتتى. يوغانلىمىسا ياخشىتتى. بىرەر تۆشۈككە تىققىلى بولاتتى. ئەمدى ئامال يوق. بۇ يوغان بېشىشىڭ ئۈچۈن ھېچكىمگە ئىشەنمەيسەن. چۈنكى بۇ باش ھەرقانچە يوغان ئۆڭكۈرگىمۇ سىغمايدۇ. بۇ باش ھەرقانداق باتۇرنىڭ ئۆيىدىمۇ خاتىرجەملىك تاپالمايدۇ. شۇڭا ئىشەنمەيسەن. بېشىڭنىڭ تاغلاردىنمۇ ئېغىر، كاۋاپتىنمۇ پۇراقلىق ئىكەنلىكى ئۈچۈن ئىشەنمەسلىككە مەجبۇرسەن. سېنىڭ ھېچكىمگە ئىشەنمىگىنىڭ توغرا. شۇندىلا بېشىڭنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن باشقىلارنىڭ يەنچىلىپ كېتىشىدىن، پۇرىقى بىلەن بالاغا قېلىشىدىن قۇتقۇزىسەن ;

ئەمما يەنىلا كۆزلىرىڭنى مۆلدۈرلىتىپ ئەتراپقا قارايسەن. ئىنسان زاتىدىن بارماقچىلىك ھىسداشلىقنى كۈتىسەن. ئىلگىرى كۈتكەن ئىدىڭ. ھازىرمۇ كۈتىۋاتىسەن. ئېسىڭدە بولسۇن كەلگۈسىدىمۇ كۈتىسەن. تا ئۆلگۈچە كۈتىسەن.

بىراق مەمەت، سېنىڭغا ھېچكىم ئىشەنچ ياكى ھىسداشلىق بېرەلمەيدۇ. قورام تاشلار بىلەن پارچە كېسەكلەر قارا يامغۇردا تەڭ تۇرالامدۇ ؟ بۈركۈت بىلەن قۇشقاچ بىرلىكتە پەرۋاز قىلالامدۇ ؟! شۇڭا ئۇلار بىلەن ھەمداستىخان بول، مۇڭداش بول. ئىشقىلىپ ھەممە نىمە بول. تەغدىرداش بولما. جەڭگاھتا سەپداش بولما. قولۇڭنى ئۇلارغا سۇنما. يالغۇز تاپقان بالاغا يالغۇز تەييارلان. ئاپتىڭگە، بالايىڭغا شېرىك قىلما. ھېچكىم سېنىڭغا ھىسداشلىق قىلالمايدۇ. قولنى ساڭا سۇنالمايدۇ. پەقەت ياراتقان ئىگەڭ قولنى سۇنىدۇ. يالغۇز خۇدا يالغۇزلارغا يېقىن تۇرىدۇ. بۇنداق يالغۇزلۇققا ئىنسان ھەمراھ بولالمايدۇ. ھەمراھ بولۇشنى خالىمايدۇ. بۇ يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرۈشنى ئۆگەن. ساڭا تەككەن تەگمىش شۇ. رىسقىڭ شۇ. يوقنىڭ ئاززۇسىنى قىلما. شۇنىڭغا كۆن !

مەمتىم، يالغۇزۇم ! ھەممىگە ئىشەنگىلى بولىدۇ. ھايۋانغا، قۇشلارغا، تاشلارغا، توپىلارغا ئىشەنگىلى بولىدۇ. ئەمما ئادەمگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ياراتقۇچىمۇ ئادەمگە ئىشەنمەيدۇ. خۇدانى تونۇغان بولسىمۇ، قەسەم بىلەن ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ ئىنسانغا ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا ئىمان ئېيتسىمۇ، مىڭلارچە قەسەم قىلسىمۇ يەنىلا شەرئەت بىلەن باشقۇرىدۇ. ياراتقان ئىگىسى مىجەز-خۇلقىنى بىلىدۇ.

ھايۋانلارنى-نەرسىلەرنى قانۇن بىلەن باشقۇرمىسىمۇ ئۆزىنىڭ يولىدىن داجىمايدۇ. قوي ئوت يەيدىغان ھايۋان. شۇڭا ئېزىپ گۆش يېمەيدۇ. بىر قېتىممۇ يېمەيدۇ. "ئېزىپتىمەن" دېمەيدۇ. توپىغا سۇ قۇيسا يۇمشاق لاي بولىدۇ. ھەرگىزمۇ تاشقا ياكى ناۋاتقا ئايلىنىۋالمايدۇ. ئەۋۋىلدە قانداق مىجەزدە يارىتىلغان بولسا، قىيامەتكىچە شۇنداق مىجەزدە تۇرىدۇ. مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. ئېھتىياتسىزلىقتىن كالىنى ئۇرۇپ سالساڭ ياكى تاشنى پارچىلاپ قويساڭ ئۇلارنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. ئەمما ئادەم ئوخشىمايدۇ. پايداڭنى كۆرسە تىرىلگەن ئاتىسىغا قىلغاندىن ئارتۇقنى قىلىدۇ. ئېھتىياتسىزلىقتىن ئازراق زىيىنىڭ تەگمىسۇن. خۇدا ساقلىسۇن. سېنى بىر تۇتام قوناقچىلىكمۇ كۆرمەيدۇ. ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتى مەنپەئەت بىلەن كۆكىرىدۇ. زىيان بىلەن بۇزىلىدۇ. بىر قاراقچى، بىر بۇزغۇنچى يالغۇز ئادەمگە قانچىلىك ياخشىلىق قىلالايدۇ ؟! ياخشىلىق قىلالمايدۇ. ياخشىلىق قىلمەن دېسە زىيانكەشلىك قىلىپ قويىدۇ. يېققىن بارما. بارساڭ بالاغا قويىسەن.

ھەي قاراقچى مەمەت ئاۋاق ! سەن يالغۇز بىر ئادەمگە ھېچنىمە قىلىپ بېرەلمەيسەن. ئەمما بىر دەۋرگە، بىر جەمىيەتكە، بىر كوللىكتىپقا ياخشىلىق قىلالايسەن. جەمىيەتتىكى مىڭلىغان ئادەملەر قىلالمايدىغان ياخشىلىقنى بىر سەن قىلالايسەن. سېنىڭ ياخشىلىقىڭغا ئېرىشىدىغان كوللىكتىپنىڭ ئىچىدە سېنى ياخشى كۆرۈدىغانلارمۇ، سېنى بىلمەيدىغانلارمۇ ھەتتا سېنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلارمۇ بولىدۇ. سېنىڭ ياخشىلىقىڭ قۇياشقا ئوخشايدۇ. قۇياشنىڭ تەپتىدىن تۈلكىمۇ، توشقانمۇ ئوخشاش ئىسسىنىدۇ. ئوتتەك تەپتىڭدىن ئېرىگەن مۇزلارنىڭ ئاستىدىن ياپ-يېشىل چىغلار، بىدىلەر، چېغىرتماقلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. باشقىلار "ياز كەلگەچكە شۇنداق بولدى" دېيىشىدۇ. ئەمما يازنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ھەممەيلەن پۈت-قوللىرىنى كېرىپ ھوزۇرلىنىدۇ. ئەمما سېنىڭ ئۆمۈر بويى پۈت-قولۇڭنى ئارامخۇدا سۇنۇپ باقمىغانلىقىڭنى ھېچكىم بىلمەيدۇ......

مەمەت قورقۇنۇچتىن بىر يەردە تۇرالماپتۇ. قورقۇۋاتقان نەرسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باتۇرلۇق قىلىدىكەن. قورقۇنۇچنى يېڭىش ئۈچۈن ئۇنى يوقۇتۇش كېرەككەن. دۈشمەننىڭ بىر شېرىكى بولىدىكەن. ئۇ بىزنىڭ يۈرىكىمىزدە تۇرىدىكەن. مەمەت ئالدى بىلەن يۈرىكىدىكى قورقۇنۇچنى، دۈشمەننىڭ

شېرىكىنى يېڭىش كېرەككەن. قانچە قورقۇنچاق بولغانچە شۇنچە يۈرەكلىك بولۇش كېرەككەن. بولمىسا قورقۇنۇچ يەۋېتىدىكەن. دادامنىڭ دېيىشچە قاراڭغۇدا ئالۋاستى ئۇچراپ قالسا كۆزلىرىمىزنى چەكچەيتىپ، ئاۋازىمىزنىڭ بارىچە تىللىساق ئۇ قاچىدىكەن. قورقۇپ ئىشتانغا چىقىرىۋەتسەكمۇ چاندۇرماي تىللاش كېرەككەن. بولمىسا ئالۋاستى بىلەن قورقۇنۇچ شېرىكلىشىپ بىزنى يەۋېتىدىكەن.

مەمەت قاچقانچە قورقۇنۇچ كۈچىيىپتۇ. ئادەملەرگە بولغان ئىشەنچ بارغانچە يوقاپتۇ. ئەقىل كۈچىيىپتۇ. ئېھتىياتچان بوپتۇ. ئىسسىنىشقا ئوت ياققاندا، بىراۋ بىلەن سالاملاشقاندا ھەتتا كۆچمەن پادىچىدىن سېتىۋالغان قوتۇرماچنى يىگەندىمۇ ئېھتىيات بىلەن يېيىشكە ئادەتلىنىپتۇ. قاراقچى ئەلى غوجىنى مۇشۇ دىخانلار تېخى تۆنۈگۈنلا تۇتۇپ بەرمىدىمۇ. ئاجىزلارنى يۆلەپ، بايلارنى قاخشاتقان ئەلى غوجىنى دىخانلار تۇتۇۋېلىپ يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ پەرۋىخ يۈز بېشىغا تاپشۇرۇپ بەرمىدىمۇ. ئادەمگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. كىم بىلىدۇ. دىخانلار مەمەتنى ئىلگىرى "شۇڭقارىمىز" دېگەنلىرىگە كۆلگىسى كېلىپ يۈرەمدۇ تېخى.

ئادەم دېگەن شۇنداق مەخلۇقكەن. خوش بولغاندا ھەممە خاپىلىقنى ئۇنتۇيدىكەن. "ئاداۋەت ئۈچ كۈندىن كېيىن ھارام" دەپ ھەجىيىدىكەن. خاپا بولسا، ئەۋلىيامۇ شەيتانمۇ چاتىقى يوقكەن. ياقىسىدىن ئالىدىكەن. "قىساس ھالال" دەپ قاپىقىنى تۈرىدىكەن.

مەمەت چاتقاللارغا قاراپتۇ. يۇلغۇنلارغا قاراپتۇ. كۆكۈش ئىزلىرى بار بىر تاشقا قاراپتۇ. بىر تال گىياھ بولغان بولسام، شامالدا خاتىرجەم ئىغاڭلاپ تۇرماسمىدىم دەپ ئويلاپتۇ. بىر تال تاش بولۇپ قالغان بولسام، ئاپتاپقا مەيدەمنى قاقلاپ خاتىرجەملىكنىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈپ ياتماسمىدىم دەپ ئويلاپتۇ.....

مەمەت نەگە بارىدۇ ؟ بېشىنى خاتىرجەم تىققۇدەك تۆشۈكنى، ئايلاپ ئىسسىق تاماق كۆرمىگەن جېنىنى ئارام تاپقۇزغىدەك قازان بېشىنى نەدىن تاپىدۇ ؟! ئوسمان چوڭچۇ؟ بوۋاينىڭ يېنىغا بارسا قانداق بولار. خىيالىغا ئوسمان چوڭ كەلگەندە ئۇنىڭ مېھىر بىلەن قۇچاقلىغىنى ئېسىگە كېلىپ كۆزلىرىگە ياش كەپتۇ.

بېرىش كېرەك. بوپتۇ. تۇتۇپ بەرسە ئۇنىمۇ كۆرەر. بىر قېتىم قېنىپ ئۇخلىۋالسا، ئىسسىق بىر قاچا تاماق يەۋالسا مەيلى ئەمەسمۇ. بەرىبىر ئۆلۈمغۇ. ئۆلسەممۇ تورۇس تاغلىرىدا، تۇغۇلغان يېرىمدە ئۆلەي دەپ

قايتىپ كەلمىدىمۇ......

يېرىمى خىيال يېرىمى چۈشتەك گاراڭ ئويلار بىلەن ئاخشام كىرىپ ياتقان دەرەخ كاۋىكىدىن چىقىپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپلا ۋاي ۋاي يېزىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ماڭغانچە ئىلداملاپ كېتىپتۇ. ئەندىشىدىن تېز مېڭىش بىلەن قۇتۇلماقچى بولغاندەك، ئۆزىنى ئوتقا ئاتماقچى بولغان پەرۋاندەك ئالدىغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. ئىلگىرى بىرەر يېزىغا كىرمەكچى بولسا ئاۋال نەچچە كۈنلەپ كۈزىتىدىكەن. بىراق بۈگۈن ئۇنداق قىلماپتۇ. ھەممىدىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك ھېچنىمىنى ئويلىماپتۇ. ئويلاۋېرىش، ئېھتىيات بىلەن قەدەم بېسىش ئۇنىڭ جېنىغا تەككەن ئىكەن. ئوي-خىيالدىن مېڭىش بىلەن قۇتۇلماقچى بوپتۇ. كېيىن يۈگرەپتۇ. يوشۇرنۇشتىن، قېچىشتىن، ئاچلىقتىن، يالغۇزلۇقتىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولغاندەك ئالدىغا قاراپ يۈگرەپتۇ.....

مەمەت كېچىدە ۋاي ۋاي يېزىسىغا كەپتۇ. ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىنى سوراپ تېپىپتۇ. "خۇدايى قوناق" دەپ ئىشىكنى چېكىپتۇ. دەسلەپ ئوسمان چوڭ مەمەتنى تونىيالماپتۇ. كېيىن تونۇپتۇ. بوۋاينىڭ چىرايى ئۆيگە خىرىر كەلگەن مۇھتاجنىڭ چىرايىدەك، دەرتمەننىڭ چىرايىدەك ئۇمچىيىپ قاپتۇ. كۆزلىرىدە ياش، قۇچىغىدا مەمەت، ئېغىزىدا "شۇڭقارىم" ......ئوسمان چوڭ دىر دىر تىترەيدىكەن. ئۇنى قۇچاغلايدىكەن. مەمەتكە بۇ قېتىم بوۋاينىڭ قۇچىغى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئىللىق بىلىنىپتۇ:

- بۇ سەنمۇ، ئاللانىڭ مېھمىنى...مەرھەبا....-دەپتۇ....."مېنى ئانام شۇۋى قەدرى كېچىسى تۇققان ئوخشايدۇ.مەمەتنى، شۇڭقارىمنى يەنە كۆرۈش نېسىپ بولدى...ئەمدى خوشال ئۆلىدىغان بولدۇم" دەپتۇ....شۇنداق خوشال بوپتۇ. بۇلارنى كۆرۈپ مەمەت يولدا ئوسمان چوڭدىن ئەنسىرىگىنىدىن خىجىل بوپتۇ. قەمەر ئانىسى يېرىم كېچىدە "پولو سالىمەن" دەپتۇ. مەمەت "بولدى قوسقىم بەك ئېچىپ كەتتى. نىملا بولسا مەيلى، بارنى يەيلى" دەپتۇ. قەمەر ئانا داستىخان ساپتۇ. شورپىنى ئىسسىتىپتۇ، ھەسەل ئارىلاشتۇرغان قېتىق ئەكەپتۇ. ئىسسىق ئوچاق ئالدىدا قاچىدىكى ئىسسىق تاماقنى يەپتۇ. مەمەت ئۈچ يىلدىن بېرى بۇنداق ئىسسىق ئولتۇرۇپ، ھوزۇر بىلەن تاماق يەپ باقماپتىكەن. تاماقتىن كېيىن قەمەر

ئانىسى كونا زاماندىن قالغان چۆگۈندە قەھۋە قاينىتىپتۇ. ئۇلار قەھۋە ئىچىشكەچ پاراڭلىشىپتۇ. مەمەت شۇ قېتىمقى قەھۋەنىڭ تەمىنى ئۆلگىچە ئۇنتالماپتۇ. ھەر قېتىم قەھۋە ئىچكەندە شۇ قېتىمقى قەھۋەنىڭ تەمىنى ئەسلەش ئۈچۈنلا ئىچىپتۇ.

ئوسمان چوڭ مەمەتنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يېزىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەلى ساپانىڭ يەر خېتىنى كۆتۈرىۋېلىپ قىلىۋاتقان ھىيلىرىنى، تەھدىدلىرىنى ھەممىنى سۆزلەپتۇ. يېزىنىڭ يېرىمى ئۇنىڭ زۇلۇملىرىغا چىدىماي كۆچۈپ كەتكەنلىكىدىن، ئاخىرغىچە بەرداشلىق بەرمىگەنلىكىدىن قايغۇرۇپتۇ.

بالام مەمەت سېنى خۇدا يەتكۈزدى. ئەلى ساپا دىگەن بۇ ئىت غۇرۇرىمىزنى دەپسەندە قىلدى. ئون ئوغۇل تېپىپتىمەن. توشقاندەك قورقۇنچاق....دىخانلار قورقتى....قورقمىغان مەندەك قېرىلا قالدى. قېرىلىق قانچىلىك بولاتتى...كۈچ يوق...ئوت بار، ئىسسىقى يوق. شۇنداقتىمۇ كوماك ئاغزىم بىلەن سۆزلەپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن توساۋاتىمەن. بىز چىدايلى، ئەلى ساپا چىدىماي يېڭىلگىچە چىدايلى دەۋاتىمەن. خۇدا قورقۇنچاق ئادەمنىڭ جاجىسىنى بەرسۇن....ھېلىمۇ جاجىسىنى بېرىۋاتىدۇ....ئەمدى سەن كەلدىڭ. خۇدا بىزنى تاشلىۋەتمىدى. ئەلى ساپانىڭ كۆرىدىغىنى بار.......- دەپ ئۈمۈتلىنىپتۇ.

ئوسمان چوڭ مېھمانخانە ئۆيدىكى ئويۇقنىڭ ئىچىدىكى ئاشلىق ۋە يوتقانلارنى ئېلىۋېتىپ مەمەتكە بىر ئورۇن راسلاپ بېرىپتۇ. ئويۇقنىڭ سىرت تەرىپىگە يوتقانلارنى تىزىپ ھېچكىم بىلەلمەيدىغان قىلىپ قويۇپتۇ. ئايالى بىلەن ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان مەمەتنى سېمىز، ھەيۋەتلىك ئادەم قىلىپ چىقماقچى بوپتۇ.

قەمەر ئانا ئوسمان چوڭغا:

- ئەتىلا چىدىماي مەمەتنىڭ كەلگەنلىكىنى يېزىغا يايسەن. ھېچكىمگە ئېيتمىساڭمۇ، قىلىقلىرىڭ، گەپ-سۆزلىرىڭ بىلەن بىلدۈرىسەن. ئەمدى ئازراق كوتۇلدا...بۇ بالىنىڭ كەينىدە بۇلۇتتەك ساقچى ئىزدەپ يۈرۈيدۇ، ئۇ ئامان بولسۇن. دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ بەختى ئۈچۈن ئامان بولسۇن- دەپتۇ . شۇنداق دەپ بولۇپ بۇ گېپى ئۆزىگە ياقماپتۇ.

چۈنكى ھۆكۈمەتمۇ ئەمەلدارلارمۇ مەمەتنىڭ ئۆلمىنى خالايدىكەن. شۇڭا كەينىگە ئۆلاپلا؛

- زۇلۇم ئاستىدىكى نامراتلارنىڭ بەختىگە خۇدايىم ئامان قىلسۇن- دەپ تۈزىتىپ قويۇپتۇ. مەمەت ئورۇنغا كىرىپلا ئۇيقىغا مۆكلا چۈشۈپتۇ.....

ئوسمان چوڭ كالپۇكىنى تامشىتىپ بوۋاقتەك ئۇخلاۋاتقان مەمەتنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە، بۇرۇنلىرىغا، قۇلاقلىرىغا ھەتتا سىرىق تۈكلىرىگە قەدەر ھەۋەس بىلەن قاراپ كېتىپتۇ؛

قارا قەمەر، ھۆكۈمەت مۇشۇ مۇشتۇمدەك بالىنى كۆرسە ئۆزىدىن خىجالەت بولار-ھە. تىترىشىپ كەتكىنىدىن ئۇيۇلار. ئىست! ئۇلار ئۇيۇلۇشنى بىلەمدۇ...ئۇلار خىجىل بولۇشنى بىلسە، ئادەمگەرچىلىكنى بىلگەن بولسا بۇ بالا ئىسيان كۆتۈرەرمىدى- دەپتۇ...................

ئەلى ساپا باي يوباز ئوغلىنىڭ يېرىنى ئالغاندىن كېيىن، يەر خېتىنى ئۆزگەرتىپتۇ. ۋاي ۋاي يېزىسىنىڭ يەرلىرى ئالقىنغا كىرىپلا قاپتۇ. يېزىلىقلارغا يەتكۈزۈپتۇ؛

ئەسلىدە بۇ يەرلەر مېنىڭ ئىدى. مەن ئازاتلىق ئۇرۇشى قىلىۋاتقان چاغدا يەرگە قارىغۇدەك چولام يوق. سىلەر تېرىپ تۇرۇپسىلەر. ئەمدى مەن قايتىپ كەلدىم. يەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇڭلار.- يېزىلىقلار غۇدۇراپتۇ. ئازاتلىق ئۇرۇشىدىن بۇرۇنلا مۇشۇ يېزىدا ياشاۋاتقان ئادەملەر ئوسمانىيلار دەۋرىدىن قالغان دىخانلار بۇ گەپلەرگە ئىشىنەمدۇ. ئىشەنمەيدىكەن. يالغان دەيدىكەن. تۇنۇگۇنلا سېتىپ بېرىڭلار دىگەنتى....قاملاشتۇرالماي قەلەيچىنى ئىشقا سېلىپ بۇلدى... بۇگۈن بۇ ھۈنەرنى چىقاردى." دىيىشىپتۇ.......

بىراق ھۆكۈمەت قۇرۇق گەپنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن. ھۆججەت سورايدىكەن. تامغىلىق ھوججەت، ئەلى ساپا باينىڭ بار ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ قانۇنلۇقكەن. يېزىلىقلار دادىسىدىن بوۋىسىدىن مىراس يەرلىرىنى قولغا ئالغان چاغدىلا " قېنى بىر ھۆججەتمۇ يېزىپ بەر" دىسە بولمامدۇ. ياكى بولمىسا دۆلەت قۇرۇلغان كۈنى خەلق مەيدانىدا ناياناقشىپ ئۇسۇل ئويناپ يۈرمەي، يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىدا

ئۆچرەت تۇرۇپ ھۆججەت ئېلىۋالسا بولمامدۇ. كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى كىم بىلىدۇ-دەيسىز.

يېزىلىق دىگەننىڭ، قارا قوساق دىخاننىڭ قانۇن ماددىلىرى بىلەن ۋەزخانلىق قىلىدىغان ئىقتىدارى يوقكەن. ياكى نەگە بېرىپ نەدىن ياردەم سوراشنى بىلگۈدەك ئەقلىلىق ئەمەسكەن. قىلالايدىغىنى يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ تۇرۇشكەن. "ئۇنداق ئەمەس. بوۋامنىڭ بوۋىسىمۇ مۇشۇ يەرنى تېرىپ جان بېقىپتىكەن" دىگەندەك تەيىنەم ۋاقتىدىكى گەپلەرنى قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەن. بۇنداق ئادەملەرنى ھەيدىۋەتمەكمۇ تەسكەن. يا قانۇن بىلمىسە، يا چىرايلىق گەپنى ئاڭلىمىسا قانداق قىلغۇلۇق. ئەلى ساپا باي قورقۇتۇشقا ئۆستىكەن. ھۈنەر دىگەن تولىكەن. ھەر كېچىسى ئادەملىرىنى ئېۋەتىپ يېزىنى ئوققا تۇتۇپتۇ. چاۋۇش (ساقچىخانە باشلىغى) ئاغىينىسىغىمۇ بۇ ئىش قىززىقارلىق بىلىنىپتۇ. ئازاتلىق ئۇرۇشىدىن كېيىن مىلتىق ئېتىپ باقماي زېرىكىپ كەتكەندۇ. كېچىدە بېرىپ ئۆي-ئۆيلەرنى ئوققا تۇتۇپ قايتىپ كېلىش راستىنلا كۆڭۈللۈك ئويۇنكەن.  يېزىلىقلار ئۆيلىرىدە تىترىشىپ سىرتقىمۇ چىقالمايدىكەن. ئاخىرى قورقۇنۇچقا چىدىماي بۇلارمۇ يېزىدىن كېتىدىكەن. چاۋۇش بىلەن ئەلى ساپا بۇلارنى ئويلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

يېزا كۈن ئاتلاپ ئوققا تۇتۇلۇپتۇ. بۇنىڭ ئۇنىمىمۇ كۆرۈلۈپتۇ. يېزىدىن نەچچە ئائىلە كېتىپتۇ. ئەلى ساپا باي بىر كۈنى ئادەملىرىگە يوباز ئوغلى ھەسەننىڭ ئۆيىنى ئوققا تۇتۇپ كۆيدۈرىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ ھەسەن يا ئېغىزنى يۇمماپتۇ. ياكى يېزىدىن كەتمەپتۇ. باينى مەسخىرە قىلىشنى توختاتماپتۇ. ئەلى ساپا باي، ھەسەننىڭ ئۆي ۋاقىغا قوشۇپ، ئېغىللىرىنى ھەمدە تورۇق ئاتنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىشنى تاپىلاپتۇ.

شۇ كېچىسى ئەلى ساپانىڭ ئادەملىرى يوباز ئوغلى ھەسەننىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپتۇ. ئوتنىڭ يورۇقى پۈتۈن يېزىنى كۈندۈز قىلىۋېتىپتۇ. يېزىلىقلار يوتقاندىن چىقىپلا يۈگۈرۈشۈپتۇ. يىغىلىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى يوباز ئوغلى بالىلىرىنى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىۋاپتۇ...... باشقا ھەممە نەرسە، ھەتتا بىر تال پايپاقمۇ قالماي كۆيۈپ كېتىپتۇ. ھەممە نىمىسى كۆيۈپ كېتىپتۇ. ھەسەن ئېغىلدىكى تورۇق ئاتنى باغلاقتىن بوشىتىۋېتىپتۇ. تورۇق بىر كىشنەپلا ئوت ئىچىدىن قارا يىلاندەك سۇغۇرلۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىر پەستە غايىپ بوپتۇ. ئەتراپتىكىلەر "يانغىندىن قاچقان ئات كەلمەيدۇ" دىيىشىپتۇ. يېزىلىقلارنىڭ چىرايى ئوت

يورۇقىدا قېنى قېچىۋاتقان ئوپكىدەك تاتىرىشقا باشلاپتۇ. كۆيۈۋاتقان ئوت يوباز ئوغلىنىڭ ئۆيىنى ئەمەس، ئۆلارنى يېزىغا باغلاپ تۇرغان رىشتىنى كۆيدۈرىۋاتقاندەك بىلىنىپتۇ. ئاخىرى مۇشۇنداق بولارمۇ ؟ يېزىنىڭ ئاخىرقى جاھىللىرى كۆيۈپ تۈگەرمۇ ؟

بىر ئوسمان چوڭلا ھېچنىمىگە پەرۋا قىلماي ئۇيان-بۇيانغا ئايلىنىدىكەن. يېزىلىقلارنى ئاربىلايدىكەن. ئۆزىنى خۇددى چاشقانلار ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەن شىردەك ھىس قىلىدىكەن. كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاراپ كۈلىدىكەن. يېزىلىقلارغا ئۇنىڭ قىلىقلىرى ئىشەك ئۆلەي دەۋاتسا بىرنىمىسى غىجەك تارتىۋاتقاندەك بىلىنىپتۇ.

ئوسمان چوڭ كونا تۈركمەن كىيىملىرىنىڭ ئۈستىگە چاپراس تاسمىلار تارتىۋالغان ئىكەن. خۇددى قەدىمقى بايراملارغا تەييارلانغاندەك. شالۋۇرىنىڭ زەر يىپلىرى بىلەن تاسمىلىرىدىكى مېتاللار پارقىراپ تۇرىدىكەن. كۈن شۇنچىلا ئىسسىق بولسىمۇ بۇ قېرىنىڭ كىيىۋالغىنى قىززىقكەن. گۇس-گۇس دەسسەپ ئۇيان-بۇيانغا ئايلىنىدىكەن. غاڭزىسىنى ئېغىزىغا قىستۇرۇپ، قولىنى كەينىگە قىلىپ، خۇددى ئەرەپ ئارغىمىقىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك يېنىك چايقىلىدىكەن. يېزىلىقلارنىڭ كۆزىگە يىراقتىن خۇددى گېپى باردەك تىككىللىپ كېلىدىكەن. خۇددى ئىگىز چوققىدا تۇرۇپ پەسكە قارىغاندەك قارايدىكەن. يېنىغا كەلگەندە باشقا ياققا قاراپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئۇزاقراق قارىۋەتسەم ياكى سۆزلەشسەم ئىچىمدىكىنى بىلىۋالمىسۇن دىگەندەك قىلىدىكەن.

بوۋاي كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاراپ قېتىپ قالغان يوباز ئوغلىنىڭ قېشىغا كېلىدىكەن. "بىر مۇسىبەت مىڭ نەسىھەتتىن ئەلا دەپتىكەن ھەسەن . سەن قىزىل باشلاردىن. ئەلى ساپادىن نىمىنى كۈتىمىز. ياخشىلىق يوق. بىز قاراپ تۇرىۋەرسەك ئۇ كۆيدۈرىۋېرىدۇ. بىز بۇ يەردىن يوقالغىچە ئاتىدۇ، كۆيدۈرىدۇ. قورقۇنچاقتىن بىچارە ئادەم بولمايدۇ...."

يېزىلىقلارغا سۆزلەپتۇ. ھېچكىمنىڭ چىرايىغا قارىماپتۇ.

- بۇ قورقۇنچاقلىقىڭلارغا ئاللا بېرىۋاتقان مۇكاپات. بەندە ئەجرىگە يارىشا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. سىلەرمۇ بۇ مۇكاپاتتىن قۇرۇق قالمىدىڭلار. قورقۇنچاق ئادەم يەردە بولسۇن كۆكتە بولسۇن، سۇدا بولسۇن

ئىلگىرى كەلمەيدۇ، راۋاج تاپمايدۇ...بۇ ئوت بىزگە ئاز...بىز ئەتراپتىكى پەسكەشلىكلەرگە كۆنۈپ قالغان ئادەملەرمىز...- دەپتۇ. ھەممە ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئوسمان چوڭلا كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىكەن. كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاراپ كۈلۈپ تۇرىدىكەن.

يېزىلىقلار ئۇنى " ئېلىشىپ قالغانمىدۇ " دېيىشىپتۇ. "بۇگۈن ئوخشمايلا قاپتىغۇ، نەچچە كۈن ئىلگىرىلا پۈتلىرىنى سۆرەپ، ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك ماڭىدىغان بۇ قېرى نىمە يەۋالغاندۇ....." دېيىشىپتۇ. ئوت كېچچە كۆيۈپ، تاڭ ئاتقاندا ئۆينىڭ، ئېغىلنىڭ ئورنىدا كۆيەك پۈراپ تۇرغان قارا-قۇرا نەرسىلەرلا قاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ساقچىلار كەپتۇ. يوباز ئوغلىنى " ئۆز ئۆيىگە ئوت قويۇش ئارقىلىق يۇرتتا ئەنسىزلىك پەيدا قىلغان " دىگەن جىنايەت بىلەن تۇتۇپ ساقچىغا ئەكىتىپتۇ. يېزىلىقلار:

ئۆز ئۆيىگە ئۆزى ئوت قويامدۇ، ئادەم بالىسى شۇنداق قىلامدۇ- دېيىشىپتۇ. ساقچىلار: - ئەمىسە ئوت قويغۇچى كىم ؟ ئىسپاتىڭلار بارمۇ ؟ قانۇن ئىسپاتنى ياقلايدۇ. ئۆيىگە ئوت قويۇشقا ئەڭ يېقىن جىنايەت گۇماندارى ئۆزى شۇ- دەپتۇ.

يوباز ئوغلى ھەسەننى ساقچىخانىغا ئەكەپتۇ. ئىشخانىنىڭ يۇقۇرى تېمىدا مۇستاپا كامالنىڭ مارشاللىق كىيىمى بىلەن ئات مىنىپ تۇرغان رەسىمى بار ئىكەن. ئادەمگە قايغۇلۇق نەزەر بىلەن قاراۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن. ئۈستىدە يېڭى بىر بايراق ئېسىلغان بولۇپ ئۇنىڭ قىسقا سېپىدىكى چىۋىن پوقلىرى رەتسىز چېكىتلەردەك كۆرۈنىدىكەن. سېپى كونىكەن. ئېھتىمال بايراقنى يېقىندىلا ئالماشتۇرغان ئوخشايدۇ. سىرلانمىغان سوراق ئۈستىلىنىڭ يۈزى تاماق قالدۇقىنىڭ ئىزلىرى، تۆكۈلۈپ كەتكەن سىيانىڭ رەڭگى، قالايمىقان جىجالغان ئىزلار بىلەن بېزەلگەن ئىكەن.

ھەسەننى ساقچى باشلىغى ئۆزى سوراق قىپتۇ. سوراقتىن بۇرۇن قانۇن خادىملىرىغا زىيانكەشلىك قىلىپ سالماسلىقى ئۈچۈن يەرگە ئورنىتىلغان ئورۇندۇققا كويزىلاپ قويۇپتۇ.

نىمىشقا ئۆز ئۆيۈڭگە ئوت قويدۇڭ- دەپتۇ ساقچى باشلىغى. ھەسەننىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا تىللاشنى باشلاپتۇ:

- ھەي ئىتنىڭ كۈچىكى، ياكى خۇدادىن قورقمايسىلەر ياكى بىزدىن تەپتارتمايسىلەر. خىيالىڭلار زادى

نىمە. سەنلەرنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمەت بارمۇ يوقمۇ ؟! سەندەك تۆت تال چۈپرەندىگە ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى يەتمەسمۇ. سىلەرنى ياخشى كۈن كۆرسۇن، تىنچ تىرىكچىلىك قىلسۇن دىدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشتۇق. ئەمما خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ ساڭا ئوخشاش بىر قىسىم دۈشمەنلىرى يەنىلا شۈكرى قىلىشمىدىڭ. ھېلىغىچە تەن بېرىشمىدىڭ ـ. ھەسەن نىمە دىيىشنى بىلەلمەپتۇ. بېشنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.  باشلىق غەزەپلىنىپتۇ. سوراق دىگەندە جىنايەتچى جالاقشىپ تىترەپ تۇرسا ساقچىلارغا ھۆزۈر بېرىدىكەن. توختىماي يالۋۇرۇپ، پوتلىسىنى ئېقىتىپ تۇرسا سوراقنىڭ قىززىقى بولمامدۇ. ئەمما ماۋۇ گۇي، گۆشۈيۈپ ئولتۇرىدىغۇ. باشلىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇنى راستىنى ئېيتىشقا قىستاپتۇ. سوراقتا ئۇرسا بولمايدىكەن. شۇڭا " بۇيانغا قارا " دەپ چاندۇرماي كاچىتىغا ئۇرۇپتۇ. سوراق قىلغاندا ھاقارەتلىسە بولمايدىكەن. ئاتالىنى تېپىپ تۇكرىكلىرىنى چاچراتقان بولۇپ يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپتۇ. " تۈز تۇر " دىگەن بولۇپ پاچىقىغا تېپىپتۇ. يوباز ئوغلى كۆكرىپ تۇرىدىكەن. بۇنداق بولسا سوراقنىڭ ئۈنىمى بولامدۇ ؟ كويزىنى يېشىۋېتىپتۇ. ئۇرۇشقا قولايسىزكەن. چۈنكى ھەسەن قانۇن بىلەن قارشىلىشىپ گەپمۇ قىلماپتۇ. قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى گۆشۈيۈپ تۇرۇش بىلەن ھاقارەتلەپتۇ. تىرىنقىنى تاتىلاپ قانۇن خادىملىرىغا پىسخىك ھۇجۇم قىپتۇ. شۇڭا يوللۇق تاقابىل تۇرماي بولمايدىكەن. بېشنى قامالىلتىپ ئولتۇرغۇزۇپ دۈمبىسىگە ئۇرۇپتۇ. سۇنمايدىغان رېزىنكە كالتەك بىلەن تازا ئۇرۇپتۇ. تەتۈر قارىتىپ تامغا چاپلاپ كەينىدىن ئۇرۇپتۇ. ئالدىدىن ئۇرسا جىنايەتچى ساقچىغا ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىقى بولىدىكەن. يوباز ئوغلى ھەسەن ئۈندىمەپتۇ. كۆزىنى يۇمۇۋاپتۇ. ساقچى باشلىغى ئاچچىقتىن ئۆزىنى باسالماپتۇ. ئۆزى كېلىپمۇ ئۇرۇپتۇ. ھەسەننى تامغا نىقتاپ تۇمشىقىغا نەچچىنى ئۇرۇپتۇ. تامغا قانلار چاچراپ كېتىپتۇ. بايراقىمۇ چاچراپتۇ. بايراق ئەسلىدىنلا قەھرىمانلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغان بولغاچقا چاچرىغان قانمۇ بىلىنمەپتۇ. مۇستاپا كامال پاشانىڭ رەسىمىگە چاچراپ كېتىپتۇ. تورۇق ئاتنىڭ قاشقىسىغا چاچراپ كېتىپتۇ. كېيىن ساقچىلار ئۇرۇپتۇ. نۆۋەت بىلەن ئۇرۇپتۇ. ئۇرۇپ تۇرۇپ بېكىتىلگەن جىنايىتىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

سېنىڭ بۇ قىلمىشىڭ، باشقىلارغا ئۈلگە بولسا، باشقىلارمۇ شۇنداق ئۆيلىرىنى كۆيدۈرگىلى تۇرسا، ئۇلۇغ

تۈرك ۋەتىنى نىمگە ئوخشاپ قالدۇ ؟ ئېيتە ئىپلاس ؟! يەنە شۇنداق ئۆيۈڭگە ئوت قويامسەن؟ يامان تەسىر پەيدا قىلامسەن؟ قۇتراتقۇلۇق قىلامسەن؟! خەلق ھاكىمىيىتىگە ، تۈرك جۇمھۇرىيىتىگە قارشى تۇرامسەن؟! - دەپ چىچىدىن تۇتۇپ يۈزىگە تۈكۈرۈپتۇ.....ئىشقىلىپ يالغۇز ئۆيگە سولىۋالغاندا بولىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسى بولۇپتۇ........

ئاخىرىدا ئۇنىڭغا:

سېنى ئەلى ساپا باينىڭ ئىلتىماسى ۋە يالۋۇرۇشى بىلەن قويۇپ بېرىمەن. ئەمما

ئەتىلا بۇ يېزىدىن يوقىلىسەن. ھەسەن دەپ بىر ئادەم ئالدىمغا چىقىپ قالمىسۇن. بولمىسا بۇ قېتىم ساقچىدىن ئۆلۈگۈڭ چىقىدۇ- دەپتۇ. ئاندىن ساقچىلارغا:

بۇنى يولغا ئاپىرىپ تاشلاپ قويۇڭلار ناۋادا ئۆلۈپ قالسا، جىنايىتىدىن قورقۇپ قاچقان ئىدى ئېتىۋەتتۇق دەرسىلەر. ئۆلمىسە مەيلى- دەپتۇ.........

ھەسەن بىر پارچە قانغا مىلەنگەن لاتىغا ئوخشاپ قالغان ئىكەن. ئۇ ئاخشام ساقچىلار تاشلىۋەتكەن يېرىدىن مىدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۆيگە مېڭىپتۇ. قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرىغا چىلىشىپ كېتىۋاتقان گەۋدىسى نەم لاتىدەك ئېغىر چايقىلىدىكەن. بېسىپ كېلىۋاتقان سۇس قاراڭغۇلۇقتا بۇ لاتىنىڭ رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىكەن....

ئەتىسى ئەتىگەندە ھەسەننى خوتۇنى قولتۇغىدىن يۆلەپتۇ. ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپتۇ. خوشنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بىر-بىرلەپ كىرىپتۇ. ئۇلار بىلەن خوشلىشىپتۇ:

ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى، نارلى قىشلاقتا بارىدىغان بولدۇم. ئامال يوق. ھۆكۈمەت بىلەن تەڭ كەلگىلى بولاتتىمۇ. تاجاۋۇزچىلار بىلەن ئون يىل ئۇرۇشتۇق. ھەرقانداق ئۇرۇشتا يۈزىمىز يورۇق بولدى. يېڭىپ چىقتۇق. ئەمما ھۆكۈمەتنى يەڭگىلى بولاتتىمۇ..مېنى ۋەيران قىلدىغۇ...ھۆكۈمەت يەڭدى.....بولدى كەتتىم...خۇدايىمغا ئامانەت - دەپ يېزىدىن كېتىپتۇ. بۇۋىسىدىن تارتىپ ياشاۋاتقان يېزىسىدىن چىققىچە ئىككى قولىدا ھېچنىمىسى يوقكەن. بىر-بىرىنى يۆلىشىپ كېتىۋاتقان چوڭ-كىچىك تۆت گەۋدە يېزا يولىدا ئاستا-ئاستا يوقاپ كېتىپتۇ..........ئەلى ساپا باي يېزىدىكىلەرنىڭ ئاخىرقى جاھىللىرى نارلى

قىشلاققا كۆچمىگەنچە جىلى بولۇپتۇ. ھەسەننىڭ ۋەقەسىدىن كېيىن يېزىلىقلارنى ئالدىراپ كۆچىدۇ دەپ ئويلاپتىكەن. ئۇنداق بولماپتۇ. زەينەلدىن سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە يېزىلىقلار يەنىلا تالاش-تارتىش قىلىدىكەن. ئەمما قارارىنىڭ نەتىجىسى يوقكەن. شۇنداقتىمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئۈمۈتسىزكەن. يېقىندا ئوسمان چوڭدا بىر ئۆزگۈرۈش باركەن. يەرگە چاپلىشىپ قالاي دىگەن بۇ قېرى ئۆزگۈرۈپ قاپتۇ. ھىچكىمنى پىسەنتىگە ئالمىغاندەك كېرىلىپ ماڭىدىغان بولۇپ قاپتۇ. كۆزىگە يېزىمۇ كىچىك كۆرۈنىدىغاندەك بولۇپ قاپتۇ. ئاۋازلىرىمۇ ئۆزگۈرۈپ كېتىپتۇ. زەينەلنى كۆرۈپ كۆززىنىڭ ئىچچىگە قاراپ، يەرگە تۈكۈرۈپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەلى ساپا باي بۇلارنى ئاڭلاپ سەل ئالدىراپتۇ. "بىر ئوسمان چوڭنىڭ ھالى ياخشى. ئەمما بۇ قېرىنىڭ تەسرى قالغانلارغا يۇقسا، ئىش چاتاق. بۇ قېرىدا زادى نىمە گەپ بار". ئۇ زەينەلگە ئوبدان كۆز-قۇلاق بولۇشنى تاپىلاپتۇ. ساقچى باشلىغى بىلەن ئوسماننىڭ بىرەر ئاجىزلىقىنى ياكى خاتالىقىنى تېپىپ يوقۇتۇشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. شۇ كېچىسى ئادەملىرىنى يەنە يېزىنى ئوققا تۇتۇشقا ئېۋەتىپتۇ.

ئوسمان چوڭ مەمەت ئاۋاققا يېزىدىكى ئىشلارنى پاراڭ سېلىپ بېرىپ ئەمدىلا ئۇخلاشقا ياتقان ئىكەن. ھېلىقىدەك ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى يېزىغا بېسىپ كىرىپتۇ. ئاندىن تاراسلاپ ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا مەمەتمۇ ئالىلقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ چەپراس تەييار بولۇپ بولغان ئىكەن. ئوسمان چوڭ:

بالام سەن جىم يات. تېخى ئەسلىڭگە كېلىپ بولالمىدىڭ. مەن چىقىپ قاراپ باقاي-دەپ ئۇنى ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن كونا نەرسىلەرنى سالىدىغان ئورۇس ساندۇقنى ئاختۇرۇپ ئىچىدىن كونا تاپانچىسىنى تېپىپتۇ. بۇ تاپانچا، تاپانچا دۇنياغا كەلگەن چاغدىكى تاپانچىلاردىن ئىكەن. ھەم يوغان ھەم ئۇزۇن تاپانچا ئىكەن. ئۇنىڭغا دورىنى چىڭداپ ساپتۇ. سىرتقا چىقىپتۇ. ئۆزىنىڭ كوچىسىدىن يەنە بىر كوچىغا ئۆتۈپتۇ. ئۆزىنىڭ كوچىسىدا ئاتسىمۇ بولىدىكەن. ئەمما ئەتىلا ئوق ئېتىلغان يەرنى ئېنىقلاپ مەمەتنى تېپىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپتۇ. ئادەم ئولتۇرمايدىغان بىر ئۆينىڭ ھويلىسىغا كىرىپتۇ. سوقمىدىن ماراپ يېتىپتۇ. بىر چاغدا ئاتلىقلار بۇ كوچىدىن ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. ئوسمان چوڭ كوچىدىن ئۆتۈۋاتقان

ئاتلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاپانچىنى توغرىلاپ ئېتىپتۇ. قېرىغاندا ئوبدان نىشانلىغۇدەك كۆز، تىترىمەي ئاتقۇدەك ماغدۇر بولامدۇ. توغرىلاپلا ئېتىپتۇ. گۈمبۈرلىگەن تاپانچا ئاۋازىدىن كېيىن ئەرمۇ ياكى ئايالمۇ بىلگىلى بولمايدىغان بىر چىرقىراش ئاڭلىنىپتۇ. ئاتلىقلار يېزىنىڭ سىرتىغا قاراپ بەدەر قېچىپتۇ. شۇ كېچىسى قايتا كەلمەپتۇ.....

ئەتىسى يېزىلىقلار مەيداندىكى چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىغا يىغىلىپتۇ. ئاخشامقى ئوققا تۇتۇشنى سۆزلىشىپتۇ. سەيپەلى ھەممەيلەنگە:

بۇنداق يېتىۋەرسەك بىزنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىدىغان ئوخشايدۇ. ساقچى ئىدارىسىغا بېرىپ باقايلى. ئەلى ساپانىڭ قىلمىشلىرىنى ئېيتايلى- دەپتۇ. ئوسمان چوڭ بىر چەتتە يېزىلىقلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىكەن. شۇنداق ئىسسىق بولىشىغا قارىماي كىيىۋالغان تېرە شالۋۇرنىڭ يانچۇقىغا قولنى تىققىنچە خۇددى ياشلاردەك مەنسىتمەسلىك بىلەن تۇرىدىكەن. دىخانلار غۇدۇرىشىپتۇ:

- بارايلى ناھىيىگە بارايلى.بىزنىڭمۇ ئىگىمىز بار ئادەملەرغۇ، بۇنداق بوزەك قىلىشنى توختاتسۇن.- ئوسمان چوڭ ئۆلارغا:

- ئەگەر ساقچى ئىدارىسىمۇ ھەل قىلالمىسا قانداق قىلىسىلەر ؟-ئاۋازىدا يوشۇرۇپ بولمايدىغان بىر مەسخىرە بار ئىكەن. سەيپەلى ئۇنىڭغا؛

ئۇنىڭدىن چوڭ يەرگە بارىمىز. ئەنقەرەگىمۇ بارىمىز. مۇستاپا كامالغا ئېيتىمىز. سەن زادى نىمە بولدۇڭ ؟ ھەي ئوسمان بالا ! نەچچە كۈن بولدى. ئىچىمدىكىنى تاپ دىگەندەك يۈرۈيسەن . بىزنى مەسخىرە قىلىسەن. ھىچكىمنى ھەتتا ئاسماننىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغاندەك كېرىلىپ يۈرۈيسەن. سەنمۇ مۇشۇ كۈندە قالدىڭغۇ. بىزدىن پەرقىڭ بامۇ ؟-. ئاچچىقتىن ساقاللىرى تىترەپ كېتىپتۇ. ئوسمان چوڭ كۈلۈۋېتىپتۇ. "سىلەردىن پەرقىم بار، مەن كەينىمدە مەمەت ئاۋاق بولغانلىقى ئۈچۈن ھىچكىمدىن قورقمايمەن. شۇڭا ئاخشام بىرىنى ئېتىۋەتتىم. قېرى جېنىم بىلەن قورقماي ئاتتىم. قېنى قايسىڭ شۇنداق قىلالايسەن" دەۋېتىشكە تاس قاپتۇ. ئۆزىنى بېسىۋاپتۇ. دىسە بولمايدىكەن. يېزىلىقلار ئاڭلىسا ئەلى ساپانىڭ ئىتلىرىمۇ

ئاڭلايدىكەن. زەينەلدەك ئادەملەر بۇ گەپلەرنى بايغا يەتكۈزىدىكەن. ئوسمان چوڭ تۇرغان يېرىدىن سەيپەلىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. سەيپەلىنىڭ مەھكەم يۇمۇلغان ئېغىزىغا، ئويۇلۇپ تۇرغان قوۋۇزلىرىغا، بۇرۇتىنىڭ ئۇچىغا چاپلىشىپ قالغان تۇكرۈك دانچىلىرىغا قاراپتۇ.كۈلگىسى كەپتۇ. كۈلۈپتۇ. قوساقلىرىنى تۇتۇپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. كۈلگىنىدىن كۆزلىرىدىن ياشلار چىقىپ كېتىپتۇ؛

ۋاي سەيپەلى، سېنى نادان دەپ ئويلايتتىم. ئەمما بۇنچىلىك ئەخمەقلىقىڭنى، نادانلىقىڭنى ئويلىماپتىمەن. ئەلى ساپا باينىڭ كۈتكىنى مۇشۇ. ۋاي سەيپەلى....راست ئېيتىڭ، قانۇنغا مۇراجەت قىلايلى....بىز قانۇن دىگەن ئىتنىڭ ئۇچىيدىن چىقىپ بولغىچە يېزا قولمىزدىن چىقىپ بولىدۇ...ھەي نادان.....سەن بۇنداق پەسكەشلەرنى ۋاي ۋاي يېزىسىدىلا بار دەپ ئويلامسەن. ئەنقەرەنى ئادالەتنىڭ ماكانى دەپ ئويلامسەن. ھۇ نادان ئىشەك ! قاچان سۇنىڭ بېشى لاي بولماستىن ئايىقى لاي بولۇپ قالغان. ماقۇل، قېنى ماڭ، ساقچىغىمۇ بارايلى ! ھۆكۈمەتكە تەلمۈرۈپ قالغان بۇ پاقاڭنىمۇ بىر قاندۇرايلى- دەپتۇ. ئوسمان چوڭ، سەيپەلى، پەرھات ئىمام ئۇچىسى ساقچىغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ.

پەرھات ئىمام بۇ يېزىنىڭ ئىمامى بولۇپ، تېگى بۇ يەرلىك ئەمەسكەن. ئۇ رامىزان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مۇرىسىدە بىر خالتىنى كۆتۈرگەن ھالەتتە ئاناۋارزا تەرەپتىن مۇشۇ يېزىغا كەلگەن ئىكەن. خالتىسىدا كىيىملىرىدىن باشقا لىق كىتاپ بار ئىكەن. شۇ كۈنى يېزىدىكى بىر بوش ئۆينى مىچىت قىلىپ دىخانلارنى تاراۋى نامىزىغا چاقىرىپتۇ. شۇندىن باشلاپ يېزىنىڭ ئىمامى بولۇپ قاپتۇ.كېيىنچە يېزىدىكى بىر قىزغا ئۆيلىنىپ ئۇنىڭ يېرىنى تېرىغاچ جاھاندارچىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇدۇر ساقلى، قىرلىق بۇرنى ۋە كېلىشكەن قەددى بىلەن مۇلايىم تەبىئى قوشۇلۇپ ئۇنى دىخانلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر قىلغان ئىكەن.

ئۇلار ساقچى ئىدارىسىغا چۈشكە يېقىن يېتىپ كەپتۇ. دەرۋازىنىڭ ئۈستىدە يېرىمىغىچە يىرتىلىپ كەتكەن، پۆپۈكلىرى، ساڭگىلاپ، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن بايراق مىدىراشمۇ خوش ياقمىغاندەك پولداڭلاپ تۇرىدىكەن. ئۇلار كىرىشتىن ئىلگىرى خۇددى خەلپەتنىڭ ئالدىغا كىرىدىغان تالىپتەك چاپانلىرىنى رەتلىشىپ، تۈگمىلىرىنى تولۇق ئېتىپتۇ. ئىشخانىدا يالغۇز بىر ساقچى ئۇرگىدەپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭدىن چاۋۇش(ساقچى باشلىقى)نى سوراپتۇ. ساقچى پۇرلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ

كالپۇكنى مىدىرتىشمۇ خوش ياقماي خۇددى بوغۇزىدىن چىقارغاندەك؛

- چاۋۇش يوق- . دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئاخشام قاراقچىلار بىلەن بولغان جەڭدە چاۋۇشقا ئوق تەگكەچكە جىددى داۋالىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئوسمان چوڭ كالپۇكىنى ئاجراتماي كۈلۈۋېتىپتۇ. چىدىيالماپتۇ. چاندۇرماسلىق ئۈچۈن؛

پۇقرالارنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن يارىدار بولغان باشلىقنىڭ يارىسى تېزراق ئەسلىگە كەلسۇن-دەپ دۇئا قىپتۇ. دۇئا قىلغان بولۇپ قىستاپ كەتكەن كۈلكىنى بوشىتىۋاپتۇ. ھېلىقى ساقچىدىن "چاۋۇشنىڭ نەرىگە ئوق تېگىپتۇ؟ " دەپ سوراپتۇ. ساقچى "ئېپلاسنىڭ ئوقى چاۋۇشنىڭ تىز لېپىگىنى چېقىۋېتىپتۇ." دەپتۇ.

ئوسمان چوڭ" يامان بوپتۇ" دەپتۇ. ئاندىن "بىز ناھىيىگە ھاكىمنىڭ ئالدىغا بارايلى-ھە سەيپەلى " دەپتۇ. سەيپەلى تەننى چۈشەنمەپتۇ. ئۇلار شەھەرگە كىرىپتۇ. ھاكىمنى ئىدارىسىدىن تاپالماپتۇ. ھاكىم تۆۋەنگە خىزمەتلەرنى تەكشۈرگىلى كەتكەن ئىكەن. ئۇلار ئەنقەرەگە، مۇستاپا كامالغا تېلگىراما يېزىش ئۈچۈن. خەتتاتقا بېرىپتۇ. يانچۇقلىرىنى كولىشىپ، تەڭگە توپلاپ تېلگىراما يازدۇرۇپتۇ. تېلگىرامىغا ئوسمان چوڭ "مەن دىگەننى يازسۇن" دەپتۇ. بۇ ئالجىغان قېرى شۇنداق سۆزلەرنى دەپتۇ؛

ئەي تۈركلەرنىڭ ئاتىسى، غازى مۇستاپا كامال! سەن ۋەتەننى نىمە دەپ قۇتقۇزغان ئىدىڭ ؟ ساقچىلىرىم، ژاندارمىلىرىم، ئەمەلدارلىرىم، ھەر كېچىسى خەلقىمنى ئوققا تۇتسۇن. غۇرۇرنى ئاياق-ئاستى قىلسۇن دەپ ئازات قىلغانمىدىڭ. يەرلىرىنى تارتىۋالسۇن. ياق دىگەنلەرنىڭ پېيىنى قىرقىۋەتسۇن دەپ قۇتقۇزغانمىدىڭ ؟! گەپنى ئوچۇق قىل ! خەلقنىڭ ھاكىمىيتى دەيسەن. ئەمما ھاكىميەتنى ئېلىشتا ساڭا ياردەم قىلغان ئەشۇ خەلقنى كۆزگە ئىلمايسەن، پارتىيەيىڭگە ئەزا قىلىۋالغان چاۋۇشلىرىڭنى، مىللەت قۇرۇلتىينىڭ ۋەكىللىرى سايلىۋالغان ئەمەلدارلىرىڭنى، تەرەقىيات ئاۋانگارتلىرى دەۋالغان قىزىل كۆز سودىگەر- بايلىرىڭنى بىزگە سالىسەن. خۇددى ئىتقا تالاتقاندەك تالىتىسەن. يەنە نىمە ئۈچۈن خەلقنىڭ دۆلتى دەپ بىزنى ئالدايسەن ؟! بوۋاي تىترەيدىكەن. جالاقلاپ تىترەيدىكەن. خەتتات بىلەن سەيپەلى، پەرھات ئىماملار ئۇنىڭغا قاراپلا قاپتۇ؛

- سەن بىلەن بىز بىرلىكتە نەچچىلىگەن دۆلەت بىلەن ئۇرۇشتۇق. ھەممىنى يەڭدۇق. ئۇ جەڭلەرنى يالغۇز

سەنلا قىلمىغان. پارتىيەيىڭدىكى تۆت تال ئادىمىڭ بىلەن جەڭ قىلالامتىڭ ؟ بىزمۇ بولغاچقا يەڭگەن ئىدىڭ. ئەمما بۈگۈنكى بۇ جەڭدە سەن بارمۇ ياكى ئۆزىمىز يالغۇزمۇ ؟! ئەجەبا پەرەڭلەرنى يەڭگەن غازى مۇستاپا مۇشۇ ئەمەلدارلارنى يېڭەلمەمدۇ ؟! ....- ئوسمان چوڭنى تۇتىۋاپتۇ. تىترەپ تۇرىدىكەن. تەرلەپ كېتىپتۇ. ئەنقەرەگە ئۇنداق تېلگىراممۇ يازسا بولمايدىكەن. كامال پاشا خاپا بولىدىكەن. خەتاتقىمۇ بالاسى تېگىدىكەن. ئوسمان چوڭ

- سەن ئىمزا قويمىغاندىكىن. نىمىدىن قورقىسەن ؟ مانا مەن ئىمزا قويىمەن دەپتۇ. خەتتات؛

ئىمزا قويىمىسامىمۇ خەتتىنىڭ نۇسخىسىغا قاراپ نەدىن بولمىسۇن تاپىدۇ. سىلەر بىلەن بىر چىنا چاي ئىچىپ باقمىغان بولسامىمۇ ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇش جىنايىتىنى يۈكلەيدۇ. تېنچ باللىرىمنى باققىلى قويۇڭلار-دەپتۇ. ئوسمان چوڭ پېشىنى قېقىپ كېتىپتۇ. ئاخىردا خەتتات ئۆزى بىلىپ يازماقچى بولۇپتۇ. ئۈچەيلەن يولدا ئىلگىرى-كېيىن مېڭىشىپ يېزىغا قايتىپتۇ.

يولدا ئوسمان چوڭ ئۇلارغا؛

كۆردۈڭلارمۇ ساقچىغىمۇ باردىڭلار ، ھاكىمنىمۇ ئىزدىدىڭلەر . كامال پاشاغىمۇ تېلگىراممۇ سوقتىڭلار. ھەي سەيپەلى خىيالىڭدا قانۇنغا بارساق "ئال پىچاقنى كەس چوچاق"نى دىگەندەك ئەلى ساپانىڭ ئەدىۋىنى بېرىدۇ دەپ ئويلىغانمۇ ؟ ھەي نادان، چاۋۇشنى كىمنىڭ ئاتقانلىقنى بىلەمسەن ؟ شۇ كېچىسى مەن ئاتتىم. قېرى جېنىم بىلەن چىقىپ ئاتتىم. سەن كېچىدىكى بۇلاڭچىنىڭ ئالدىغا كۈندۈزى ئەرز قىلىپ باردىڭما ؟! تۈفي! چاۋۇشىڭغا، ھاكىمىڭغا، پاشايىڭغا ھەممىسى بىر پىچاق، ھەممىسى بىر چوچاق ! ئۆزىنى كېسەمدۇ ؟ دەپ باقە ؟! قاچانكى پىچاقنىڭ ئىگىسى موللا بولسا، چوچاقنىڭ ئىگىسى بالا بولسا ئاندىن كېسىدۇ. قاچقىنى قېچۇاتىدۇ. ياتقىنى تەلەي سىناۋاتىدۇ. ھەممىمىز مەندەك باستۇرۇپ كەلگەننى ئېتىپ باقايلى. قانداق نوچىكەن ئۇ، يەنە بوزەك قىلىدىغان-. پەرھات ئىمام بىلەن سەيپەلى چۆچۈپ كېتىپتۇ. چىرايىغا ساغۇچ ھودوقۇشتىن كېيىن بىر قىزىللىق بىر خوشلۇق يامىشىپتۇ؛ -

راستىنلا سەنمىدىڭ ؟ ھەي ئوسمان، شۇ ئىشنى سەن قىلغانمىدىڭ ؟ ـ قوللىرىغا ئېسىلىپتۇ. شەھەردىن قايتقاندىكى گاراڭلىق، خامۇشلۇقنىڭ ئورنىنى بىر جۇشقۇنلۇق ئىگەللەپتۇ. ئوسمان چوڭ ھەمراھلىرىنىڭ خوشلىقىغا قاراپ تېخىمۇ خوش قىلىۋەتكۈسى كەپتۇ. مەمەت ئاۋاقنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتاي دەپتۇ. ئەمما توختاپ قاپتۇ. "بولدى شۇمۇ يېتەر، ئىنسان بالىسى ھەرنىمە دەپ بولمايدۇ" دەپ ئويلاپ توختاپ قاپتۇ؛

پەرۋەردىگار بەندىلىرىنى تاشلىۋەتمەيدۇ. بىزگىمۇ بىر يۆلەنچۈك ئېۋەتىدۇ. قورقمايلى. قورققانچە ئەلى ساپا خوش بولىدۇ. ئەرز قىلمىز دەپ ئاۋارە بولمايلى. ئەلى ساپا بىزنىڭ باشقا ئىش قىلماي ئەرز قىلىشىمىزنى خالايدۇ. ئۆمۈت قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئۆمۈدىنى ئاقلاۋاتىمىز. ئۇ باشلىغان قانۇن، دىگەن ئىت ئۆچىيىگە كىرىۋاتىمىز. شۇنداق بىر ئادەم بار. ئۆزى كىچىككىنە بولسىمۇ مىڭلاپ ئارمىيىنى، ساقچىنى قورقۇتۇپ ئۆتىنى تاشتۇرىۋەتتى. ئۇ بىر جېنى بىلەن شۇلارنى قىلالىدى. يېزىمىزدا مىڭ جان بار. بىزمۇ شۇنىڭدەك بولۇپ باقايلى، ئەلى ساپا نىمە قىلالايدىكىن. يېزىدىن ۋاز كېچىدۇ.....

ئىككى ھەمراھى ئوسمان چوڭنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سايتۇ. ئىلگىرى ئۇ سۆزلىگەندە كۆزىنىڭ ئۇچىدا قارايدىكەندۇق. ئەمدى ناھايىتى ئىخلاس بىلەن قۇلاق سايتۇ. "ئوسمان راست ئېيتىڭ" دىيىشىپتۇ. "نىمىشقىمۇ كۆكرىپ تۇرۇشتىن باشقا ئىش قىلمىغاندىمىز" دىيىشىپتۇ. ئوسمان چوڭ ئۇلارغا؛

كەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ كېلەيلى. ئۇلار سارىچامغىمۇ تويغاندۇ. شور بېسىپ كەتكەن سايلىقىمۇ تويغاندۇ. ئاتا-بوۋىسىنىڭ جايى كۆزىگە كۆرۈنگەندۇ دەپتۇ. ھەمراھلىرى "شۇنداق قىلايلى" دىيىشىپتۇ. نارلى قىشلاقتا يېزىدىن كەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ كېلىشكە مېڭىپتۇ. ئوسمان چوڭ سارىچامغا كېتىۋېتىپ سەيپەلىنىڭ، پەرھات ئىمامنىڭ چىرايىغا توختىماي قارايدىكەن. ئۇلارنىڭ چىرايىدا يوقالمىغان ناھايىتى سۇس غەشلىكنىڭ سايىسىمۇ بار ئىكەن. ئەمما قەدەملىرى كۈچلۈككەن. قانداقلا بولمىسۇن بۇرۇنقىدىن غەيرەتلىككەن. چاۋۇشنى ئوسمان چوڭنىڭ ئېتىۋەتلىكى ئۇلارغا بەكلا تەسىر قىپتۇ. "توۋۋا !؟ ھەي قېرى، شۇ جېنىڭ بىلەن-ھە." دەپ ئەجەپلىنىدىكەن. پۈتۈن بەدىنى شۇنداق ئەجەپلىنىش بىلەن قىمىرلايدىكەن. قاشلىرى تۇرۇپ-تۇرۇپلا لىكىلدايدىكەن. بىر ئاسمانغا، بىر ئەتراپقا، تۇرۇپلا ئوسمان چوڭغا قاراپ

قويىدىكەن. ئوسمان چوڭ " قانداقلا بولمىسۇن بىر ئىشەنچنى ھېس قىلدىڭلار. ئەمدى ياخشى بولدى" دەپ ئويلايدىكەن. كىچىككىنە ئۇمۇتنىڭ ئۇلارنى شۇنچىلىك ئۆزگەرتكەنلىكىگە قاراپ چىدالمايدىكەن. يەنىمۇ چوڭ خوشاللىقنى، مەمەتنىڭ ئىشنى دەۋەتكۈسلا كېلىدىكەن. ئۇلارنى ھەممە غەمدىن بارلىق ئۈمۈتسىزلىكتىن بىراقلا قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلايدىكەن. شۇڭقارنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئېيتماقچى بولىدىكەن. گەپ بوغۇزىغا كەلگەندە كۆز ئالدىغا مەمەتنىڭ تامغا يۆلەپ قويغان، ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن جەستى كېلىۋالىدىكەن. جەسەتنىڭ مەيدىسىگە تېگىپ قالغان بېشىنى پۈتى بىلەن ئوڭشاپ قويۇپ رەسىمگە تارتىۋاتقان ساقچىنىڭ قىياپىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋالىدىكەن. بوۋايغا مەمەتنىڭ ئىشى بەك ئەلەم قىپتۇ. ئاچچىقنى ياكى تاتلىقنى ئوچۇق دەپ ئۆگەنگەن ئادەمگە بۇنداق ئىچىنى سىقىدىغان سىر ساقلاش بەك ئېغىر كەپتۇ. خوشاللىقنى دىيەلمەسلىك ئۇنى يەتكۈچە قىيناپتۇ.

ئۇلار نارلى قىشلاقىقا يېتىپ كەپتۇ. يىراقتىن نە بىر تۈپ دەرەخ ھەتتا ئالقانچە يېشىللىقمۇ يوق سارىچام كۆرۈنۈپتۇ. بۇ يەردە ئاسمانمۇ كۆپكۆك ئەمەسكەن. ئىسسىقنىڭ رەڭگى بىلەن شورلۇق تۇپراقنىڭ رەڭگى ئاسماننىڭ رەڭگىگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئىكەن..........

مەمەت، ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىدىكى ئويۇقتا يېتىۋېرىپتۇ. قەمەر ئانا تىقىپ قويغان ئەڭ ياخشى ئوتياش، قۇرۇتقان گۆشلىرى بىلەن تاماق قىلىدىكەن. سۇيۇقئاش ئەتىسە بىر تۇتام يۇمغاقسۇت سېلىشنى ياكى سامساق چانىۋېتىشنى ئۇنۇتمايدىكەن. ساندۇقىغا تىقىپ قويغان گۈلقەنت، ھەسەللىرىنى، ياڭاق، جىگدە، چىلانلىرىنى چىقىرىپ ئۇنى يېيىشكە زورلايدىكەن. قەمەر ئانىنىڭ ئېيتىشىچە، ھەر كۈنى بۇلاردىن يەپ بەرگەندە مىجەز تەڭشىلىدىكەن.

ئوسمان چوڭ ئويۇقتىن ئېغىلغا چىققىلى بولىدىغان ئىشىك ياساپ بېرىپتۇ. مەمەت تەرەت قىلماقچى بولسا ئېغىلغا چىقىپ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ تەرەت قىلىدىكەن. ئىلگىرى ئەندىكىش، چۆچۈش ئىچىدە بىر ئالدى بىر كەينىگە قاراپ تەرەت ئولتۇرغان چاغلىرىنى ئەسلەپتۇ. ھازىرچۇ ؟ يېقىملىق قىغ پۇراقلىرى ئىچىدە، ئېغىلنىڭ تۆۋىسىگە باسقان قوناق شاخلىرىنىڭ ئارىسىدىن قىسىلىپ كىرگەن كۈن نۇرىنى تاماشا قىلغاچ

ھۆزورلۇنۇپ ئولتۇرىدىكەن. شۇنداق بىر يېنىكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرىدىكەن.........

قەمەر ئانىسى پاراڭ سېلىپ بېرىدىكەن. يېزىلىقلارنىڭ نىملەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەلى ساپانىڭ ئويۇنلىرىنى ، شۇنداق بولىۋەرسە ئاخىرى بىر كۈن ھەممە يېزىلىقنىڭ بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئىشقىلىپ ھەممىنى پاراڭ سېلىپ بېرىدىكەن. ئوسمان چوڭنىڭ مەمەت كەلگەندىن كېيىنكى ئۆزگۈرىشىنى، بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، خان بالىسىدەك گىدىيىپ مېڭىشلىرىنى، سائىتىنى چىقىرىپ قاراشلىرىنى، يېزىلىقلارنىڭ بۇ قېرىنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىغا ھەيران قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدىكەن. مەمەت ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ ئاڭلايدىكەن. كەمسۆزكەن. ئادەتتىمۇ جىق گەپ قىلمايدىكەن. ئوي-خىيال بىلەن ئولتۇرىدىكەن.

قەمەر ئانا خاپىكەن. ئوسمان شۇنداق قىلىۋەرسە يېزىلىقلار مەمەتنى بىلىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەيدىكەن. ئابدىنىڭ ئىتلىرى بىلىپ قالسا ھۆكۈمەتكە دەپ قويارمۇ دەپ ئەنسىرەيدىكەن.......

مەمەت ئابدى ئاغىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىنكى ئىشلارنى ،ئۆزىنىڭ ئامالسىزلىقتىن ئابدىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇرلانغانلىقىنى ئويلايدىكەن. ھۆكۈمەت ئابدىنىڭ يېزىلىقلارغا قىلغان زۇلۇملىرىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ ئابدىنىڭ زۇلۇمىغا چىدىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ھۆكۈمەت نىمە ئۈچۈن چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ توختىماي ئويلايدىكەن. ھۆكۈمەت نىمىشقا مەمەتتەك ئادەملەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى بىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيدىكەن. ئىلگىرى بىر-بىرىگە ئۈچمەنلىك قىلىدىغان ئاغىلارنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ مەمەتتەك ئادەملەرنىڭ ئىشىغا كەلگەندە ئۇيۇل تاشتەك بىرلىككە كەلگەنلىكىگە ھەيران قالىدىكەن....

مەمەت نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلمەيدىكەن. ھۆكۈمەتمۇ مەمەت توغرىلىق جىق نەرسە بىلمەيدىكەن. ئابدىدەكلەرنى قوغداش بىلەن مەڭگۈ قوغداپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، مەمەت ئاۋاقتەكلەرنى يوقۇتۇش بىلەن مەڭگۈ يوقاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەت بىلمەيدىكەن. ھەر يىلى نورۇز ئايلىرىدا كۆكلەپ چىقىۋېرىدىغان چېغىرتماقنى بىلمەمدىغاندۇ !؟ ئادەملەر چېغلارنى، چېغىرتماقلارنى ھەر يىلى ئوروپ تۇرىدۇ. ئەمما نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئۇلار ھەر نورۇزدا توختىماي كۆكلەپ تۇرىۋاتامدۇ !؟

زامانىنىڭ ئەۋۋىلىدىن تارتىپ ھەممىلا ھۆكۈمەت مەمەتلەرنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشنى نىشان قىلىدىكەن. " ئۇلارنى يوقۇتۇش كېرەك"نىلا ئويلايدىكەن. ئەمما ئەشۇ ئۆلتۈرۈلگەن قاراقچىلارنىڭ كەلگۈسىگە قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمايدىكەن. ئوخشاشلا ئەشۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن ھۆكۈمەتلەرنىڭ زامان كېمىسىنىڭ رولىنى بۇراشقا مەجبۇر بولىۋاتقانلىقىنى نۇرغۇن ئادەم سەزمەيدىكەن. مەيلى مەمەت ياكى ھۆكۈمەت بولسۇن قىلغان ئىشىنىڭ ئالدىنى ئويلايدىكەن. كەينىنى ئىككىسىلا ئويلىمايدىكەن. " مانا ياخشى بولار، ئەنە ياخشى بولار " دەپ ئۈمۈتلىنىدىكەن. ........

ئوسمان چوڭ مۆھەببەتلىك ئادەمكەن. ئوچۇق سۆزلۈككەن. ھەممە ئىشتا يوشۇرۇپ ئولتۇرمايدىكەن. مەيلى بايرام ياكى قايغۇلۇق كۈنلەردە بولسۇن بۇنداق ئادەملەر ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ئوچۇق دەيدىكەن. يانمايدىكەن. ھەق سۆزلۈككەن. ئۇلارنىڭ گەپ- سۆزلىرىلا ئەمەس، قىلىقلىرى، چىرايى ھەممىنى ئاشكارا بىلدۈرۈپ تۇرىدىكەن. ھەممە ئادەم بىر قاراپلا بىلىۋالىدىكەن. مەمەت ئوسمان چوڭنىڭ بۇ تەرىپىنى ياقتۇرىدىكەن. ئەمما ياقتۇرغان نەرسىنىڭ زىيىنىمۇ بولىدۇ. يىگانە ئاللا، ھەممە نەرسىنى جۈپ ياراتقان. ئوسمان چوڭ سىر ساقلاشقا قانداق بولار ؟ ئۆزۈنىغا چىدىيالارمۇ ؟ قەمەر ئانىنىڭ دىيىشچە ئۇنىڭدىكى ئۆزگۈرۈشلەرنى يېزىلىقلار بايقاپ بوپتۇ. ئوسمان چوڭ بىلدۈرۈپ بوپتۇ. يېزىلىقلار بۇ قېرىنىغا بىر ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بوپتۇ. ياغلىق قاپاقنىڭ ئىچىدىكى ياغ تېشىغا تېپىپ چىقىدىكەن. ھامىنى تېپىپ چىقىدىكەن..........

ئوسمان چوڭلار نارلى قىشلاققا، سارىچامغا كەپتۇ. شورلۇقنىڭ ئۇ-يەر بۇ يېرىگە نەچچە تال كېسەكنى تىزىپ ياكى ياغاچقا ئارتىپ قويغان پالازلارنى تىكلەپ ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغان يېزىلىقلىرىنى كۆرۈپتۇ. ئورۇقلاپ ساپ-سېرىق بولۇپ قالغان باللارنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئىچى ئۆرتىنىپتۇ. "ئامانمۇسىلەر، تىرىكمۇ سىلەر" دىيىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. شورلۇق سۇدا قايناتقان چايلىرىنى ئىچىشكەچ ئۆتكەن-كەچكەننى پاراڭلىشىپ ھال-مۇڭ قىلىشىپتۇ. ئوسمان چوڭ باشتا سۆزلەپتۇ؛

سىلەرمۇ كۆرۈپسىلەر، يۇرتىدىن، ۋەتىنىدىن تانغان ئادەم ياخشىلىق كۆرمەيدۇ. بىر پارچە نان ئۈچۈن، خاتىرجەملىك ئۈچۈن مۇساپىر بولدۇڭلار. چىدىمىدىڭلار. قورقتۇڭلار. ئەلى ساپانى قورقۇتالمىدۇق. بىز

قورقتۇق، بەدەر قاچتۇق. قېچىپ نەگە بارالدىڭلار ؟! مۇشۇمۇ كۇنمۇ، ئۇندىن كۆرە يېزىدا تۇرۇپ ئەلى ساپانىڭ زۇلمىدا ياشاش بۇندىن مىڭ مەررە ياخشىتتىغۇ ؟! بىز خۇداغا ئىشىنەيلى. يۇسۇپنى قاراڭغۇ قۇدۇقتىن چىقارغان خۇداغا ئىشىنەيلى.

دەپتۇ. كونا پاراڭلارنى سىلىپ بىرىپتۇ. قاپىسلىپ قالغان ئادەملەرگە، خۇدا بىر بۆرىنى ئېۋەتىپ يول باشلاپ بەرگەنلىكىدەك قەدىمقى ئىشلارنى سۆزلەپ بىرىپتۇ. ئېغىزلىرىدىن كۆپۈكلەر قاينىغىچە سۆزلەپتۇ. پەرھات ئىمامىمۇ سۆزلەپتۇ. شۇنداق چىرايلىق قىرائەتلەر قىپتۇكى ئاڭلىغانلارنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەپتۇ. ئايەتلەردە دىخانلارنىڭ ئۆز يېزىسىغا قايتىشى كېرەكلىكى سۆزلىنىدىكەن. غەلبە تۇغۇلغان يېرىدە تۇرغانلاردا بولىدىغانلىقى سۆزلىنىدىكەن. تاڭ ئاتمايدىغان كېچە بولمايدىكەن. ئۇلار توختىماي سۆزلەپتۇ. بىرى توختىسا بىرى سۆزلەپتۇ. چاۋۇشنى كېچىدە بىرسىنىڭ ئېتىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بىرىپتۇ. ئەلى ساپانىڭ چوقۇم يېڭىلىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەملەر قىلىپتۇ. شۇ كۇنى قىلغان قەسەملىرى پۈتۈن ئۆمرىدە قىلغان قەسەملىرىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. تاكى كەچ كىرگىچە سۆزلەپتۇ. دىخانلار بېشىنى پولداڭلىتىپ جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاپتۇ. كەچ كىرگىچە ئاڭلاپتۇ. ئەمما ئۇلاردىن بىرىمۇ ۋاي ۋاي يېزىسىغا قايتىشقا ئۇنىماپتۇ. "كەچۈرۈڭلار" دەپتۇ. "ئەلى ساپانىڭ تەرىگە قارىغۇمىز يوق" دەپتۇ. ئوسمان چوڭ پەرھات ئىمام‌لار ئاچچىقلاپتۇ. سىغلىپ قاپتۇ. يېزىلىقلار تەييارلىغان تاماقنىمۇ يىمەي يولغا چىقىپتۇ. "سىلەردەك ئادەملەرنىڭ تامىقى بىزگە ھارام" دەپتۇ. "سىلەر بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇش چوڭ گۇنا" دەپتۇ. ئوسمان چوڭ ئاچچىقتىن دىر دىر تىترەيدىكەن. "سىلەر ئاللانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان ئىدىڭلار. ئەمدى ئاللانىڭ قاغىشىغا ئۇچرايسىلەر..." دەپتۇ. :

يولدا ئىلگىرى كېيىن مېڭىشىپ يېزىغا قايتىپتۇ. سۆزلەشمەپتۇ. كىمگە ئاچچىقلىنىشنى

بىلمەيدىكەن. بىر چاغدا پەرھات ئىمام؛

- بىز ئىمىشقا يېزىدىكى ئەڭ قورقۇنچاقلارغا يالۋۇردۇق-ھە !؟ يېزىدا نۇرغۇن ئادەملەر يەنىلا بار ئەمەسمۇ. بۇ قورقۇنچاقلارغا خاپا بولۇشمۇ ئەخمەقلىق. يېزىغا بارايلى.- دەپتۇ. ئۇلارنىڭ چىرايى شۇنىڭ بىلەن ئاستا ئېچىلىپتۇ. ئوسمان چوڭ پەرھات ئىمامنىڭ سۆزلىرىدىن زوقلىنىپتۇ. ئېغىزى ئاندىن ئېچىلىپتۇ؛

- توغرا ئېيتتىڭ ئىمام. خۇدا قۇتقۇزالمىغان ئادەملەرنى بىز قۇتقۇزالامدۇق. دىلىغا سالمىسا بىكار. يېزىدا يەنىلا ئادەمدەك ياشاۋاتقانلار بار ئەمەسمۇ. شۇلارنىڭ يېنىغا بارايلى-دەپتۇ. سەييەلمۇ " راست، بىز يەنىلا ئاز ئەمەس. ئەلى ساپاغا تېتىيالايمىز. ئىملا بولساق مەيلى. يېزىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتسىمۇ مەيلى. يالتايمايمىز." دەپتۇ. ئوسمان چوڭ؛

- تاڭ ئاتمايدىغان كېچىنى كۆرگەنمىدىڭ مۇختار سەيپەلى، يېزىغا باستۇرۇپ كەلگەنلەرنى ھەممىمىز چىقىپ ئاتساق. ئۆيلىرىمىزگە ئوت قويغاندەك بىزمۇ ئەلى ساپانىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويساق، قانداق نوچىكەن ئۇ. بىز بىلەن يەنە قارشىلىشالامدۇ ؟! قورقۇپ ئۆتى تاشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەلى ساپا سارىچامدا قالغانلاردىمۇ بەكرەك قورقۇنچاق. ئۇنى ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمى دېيىشىمىزمۇ ئەمەس، بىزدىكى قورقۇنچاقلىق- دەپتۇ. سەيپەلى " ۋاي ئوسمان سەن بارغانچە ئەقىللىق بولۇپ كېتىۋاتىسەن. نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدىغان بولۇپ كېتىپسەن. ئىلگىرى بۇنداق ئەمەستىڭ. مېنىمۇ غەيرەتلىك قىلىۋەتتىڭ" دەپتۇ. پەرھات ئىمامۇ؛

- راس ئېيتتىڭ سەيپەلى، ئوسمان چوڭ ئۆزگۈرۈپتۇ. بۇرۇنقىدەك قۇرۇق جىدەللا قىلماي، ئەقىل كۆرسىتىدىغان بوپتۇ. سەندەك ئادەمدىن نەچچىسىلا بولسا، ئەلى ساپانى يېزىدىن قوغلىۋېتىشىمىزدە گەپ يوق-دەپتۇ. پەرھات ئىمام ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئەڭ يېقىنلىرى بىلەن ئەڭ خالى جايدا دېيىشىدىغان گەپلىرىنى دېيىشكەندەك زوق-شوق بىلەن سۆزلەپتۇ؛

- مەن ئىمىشقا شۇنداق بولدۇم. ئاستا بىلىسىلەر. مېنىڭ بىر شۇڭقارىم بار. مېنىڭ بىر تېغىم بار. ئىسمەت پاشانى بىلەمسىلەر ؟ ئۇنىڭدىنمۇ يامان بىر ئادىمىم بار. مۇستاپا كامالنىڭ قىلىچى ئىسمەت غازىمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا تىترەپ كېتىدۇ. ئۆيگە بارغاندا بىر بۇركۇتنى كۆرىسىلەر. قىيا تاشلاردا

ياشايدىغان بۇركۇتنى كۆرىسلەر.....

ئوسمان چوڭ ئاتقا قامچا ئۇرۇپتۇ. ئاستىدىكى قېرى بايتالنى بىلمەيدىغاندەك زەربە بىلەن ئۇرۇپتۇ. ئۇلار يېزىغا قاراپ ئاتلىرىنى چېپىشىپتۇ. ھەمراھلىرى ئوسماننىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەپتۇ. ئەمما بۇ قېرىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىكى سىرىنىڭ ئەمدى ئېچىلىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ كەينىدىن يېتىشىپ مېڭىپتۇ.

ئوسمان چوڭلار نامازشام بىلەن يېزىغا كەپتۇ. ھېچيەردە توختىماي ئۆيگە كەپتۇ. ئالدىراپ ئاتلىرىنى تۇۋرۇككىمۇ باغلىماي ئۆيگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ؛

- مەمەت قېنىسەن، پەرھات ئىمام بىلەن سەيپەلى كەلدى. ھازىر ئۇلار مەندەكلا ئىشەنچىلىك. قېنى بالام سەن!؟- دەپ ئويۇقفا يۈگرەپتۇ. ئالدىغا قەمەر ئانا چىقىپتۇ؛

- مەمەت يېزىسىغا كەتتى. كۆرگىسى كېلىپ ساراڭ بوپتۇ. چىدىمىدى. يېتۈپرىپ يېزىلىقلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈسى كەلدى. چىدىمىدى كەتتى....تاغامغا ئېيت يەنە كېلىمەن دىدى- دەپتۇ.

ئوسمان چوڭ كاڭىنىڭ گىرۋىكىگە ئارانلا ئىلىشىپتۇ. ئولتۇرۇپلا قاپتۇ. " ھەي ئىمام ئۇ مۇشۇ يەردە ئىدى. مۇشۇ ئويۇقتا ياتاتتى. كېتىپتۇ. مېنى تاشلاپ كېتىپتۇ" دەپتۇ. قەمەر ئانا ئۇنى بەزلەيدىكەن؛

- ئۇزۇڭدىن كەتتى، ئوسمان بالا. مەمەتنىڭ كەلگەنلىكىنى ھەممىگە دەپ بولدۇڭ. كەلدى دىمىسەڭمۇ كەلگەنلىكىنى پۇرۇتۇپ بولدۇق. قىلىقلىرىڭ ھەممىنى دەپ بولدى. ئاناۋاززانىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا قەدەر يېيىلدى. بۇنداق ئەھۋالدا بالا خاتىرجەم بولالامدۇ ؟! - ئوسمان چوڭ ئۇنى تىللايدىكەن:

- ھەي جادى...مېنى بوغۇلدۇرما. مەن دىمىگەندىكىن ھېچكىم بىلمەيدۇ- دەيدىكەن. قەمەر ئانا "دىمىسەڭمۇ قىلىقلىرىڭ بىلەن بىلدۇرۇپ بولدۇڭ" دەيدىكەن...كەچكىچە سوقۇشىدىكەن........

ئوسمان چوڭ يېتىپ قاپتۇ. ماغدۇرىدىن،كۆز نۇرىدىن ئايرىلىپتۇ. قولىدىن قانىتىدىن ئايرىلىپتۇ. نەچچە كۈندىكى چاققانلىقى، يىگىتلەردەك چەبدەسلىكى قالماپتۇ. ياتىدىكەنلا. "ئۇ ئەمدى كەلمەيدۇ" دەيدىكەن.پەرھات ئىمام " كېلىدۇ. بىر كەلگەن يەرگە يەنە كېلىدۇ" دەيدىكەن.

ۋاي ۋايلىقلار مەمەتنىڭ ۋاي ۋاي يېزىسىغا كېلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ. ئوسمان چوڭنى تىللاپتۇ.

"بىزدىن قىزغىنىپتۇ، ھۇ! قىزغانچۇق قېرى. بىزنى ئۆزىدەك كۆرمەپتۇ" دەپ تىللىشىپتۇ. "شۇڭقارىمىزنىڭ يېزىدا تۇرغانلىقىنى دىمەپتۇ....دىسە كۆرسەك بولمامدۇ...خىزمىتىنى قىلساق بولمامدۇ...." دىيىشىپتۇ. ھەممىسى ئوسمان چوڭدىن يامانلاپتۇ. ئوسمان چوڭ؛

- كەچۇرۇڭلار قورقتۇم....دەي دىدىم...ئەمما شۇڭقارىمىزدىن ئەنسىرىدىم...-دەپتۇ. ھۆزۈرخالىق ئېيتىپتۇ...يېزىلىقلار قايناپ كېتىپتۇ. ئەلى ساپا باينىڭ قىلغانلىرىنى ۋاقتىلىق ئۇنتۇپتۇ. مەمەت ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ھىچكىم كۆرمىگەن ئىكەن. ئەمما ھازىر نۇرغۇن ئادەم كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ يورۇقلۇق ئىچىدە يەردىن بىر غېرىچ كۆتۈرۈلۈپ ئېتىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ ۋاي ۋاي يېزىسىغا كىرگەنلىكىنى كۆرگەنلەر بار ئىكەن. ساقچى باشلىغىنىڭ تىزىغا ئاتقان چېغىدىمۇ ئۇنى كۆرۈپ قالغانلار بار ئىكەن. كېيىنچە كۆرگەنلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىپتۇ....قاراڭغۇ كېچىدە ئاقچاسازنىڭ ئەتراپلىرىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى، كەيىندىن بىر ئاق تۇلپارنىڭ ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلەر بار ئىكەن. يەنە بەزىلەر ئۇنى قىيا تاشنىڭ ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانلىقىنى، تىزلىرىغا ئاپپاق قۇشقاچلارنىڭ قونىۋالغانلىقىنى كۆرگەن ئىكەن....ھەممەيلەن شۇ ھەقتە سۆزلىشىدىكەن...ئەمما ھىچكىم "مەمەت" دىگەن ئىسمىنى تىلغا ئالمايدىكەن. "ئۇ" ياكى "شۇڭقارىمىز"...دىگەندەك سۆزلەر بىلەن ئاتايدىكەن. مەمەتنىڭ يېزىغا كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭ يەنە كېلىدىغانلىق خەۋىرى نارلى قىشلاققىمۇ بېرىپتۇ. سارىچامدىكىلەر ئىسىت! دەپتۇ. "نىمىشقا ئوسمان چوڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كەتمىگەندىمىز" دەپتۇ. "شۇڭقارىمىزنىڭ چىرايىنى كۆرسەك بولمامدۇ" دىيىشىپتۇ. يوباز ئوغلى ھەسەن باشلىق بىر نەچچە ئائىلە قايتىپ كەپتۇ...............

مەمەتنىڭ خەۋىرى ئەتراپقا پۇر كېتىپتۇ. ئەمما ئەلى ساپانىڭ ، ھۆكۈمەتنىڭ قۇلىقىغا كىرمەپتۇ. زەينەلدەكلەر سەزمەيلا قاپتۇ. يېزىلىقلار ھېچكىمگە سەزدۈرمەپتۇ.........

ھاكىم سېمىز، پاكار بويلۇق، قېلىن قاشلىق مۇز چىراي ئادەم ئىكەن. تېگى-تېگىدىن ئوسمانلى ئىكەن. دوپىسىنى تاشلاپ ياۋروپالىقلارنىڭ قالپىقىنى كىيىۋالغان بولسىمۇ ئەسلىدىنلا تىپىك ئوسمانچى ئىكەن.

دوپپاپەرەس ئىكەن. قالپاقپەرەس مۇستاپا كامالغا خاپا ئىكەن. دىخانلارغىمۇ خاپا ئىكەن. سېرىق باشقا ئەگىشىپ سۇلتاننى قوغلاشقا ياردەمدە بولغان بۇ تېگى پەس يېزىلىقلارنى كۆرسە جۇدۇنى ئۆرلەيدىكەن. ھەر كۈنى خۇپتەندىن كېيىن ئۇيقۇسى كەلمەيدىكەن. يالغۇز ئولتۇرۇپ بوغۇلىدىكەن. سۇلتان سەلىمنىڭ، سۇلتان سۇلايماننىڭ، مۇھەممەت پاتىھنىڭ بۇ گۈزەل ۋەتىنى تېگى نامەلۇم كىشىلەرگە، بولشۋىكلارغا، قاراقچىلارغا قالۇرمۇ دەپ قايغۇرىدىكەن. يىگانە ئاللانىڭ بۇنىڭغا يول قويمايدىغانلىقىغا ، بىر كۈنى ئامرىكىلىقلارنىڭ، ئىنگلىزلارنىڭ كېلىپ بۇ تېگى پەسلەردىن ھوقوقنى تارتىۋېلىپ سۇلتانغا، خەلىپىگە بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. بەش ۋاق نامىزىدا تىلەيدىكەن. بولشۋىكلارنى قاغايدىكەن........

ئەلى ساپا باي ھاكىم بىلەن يېزىغا بېرىپ ئەلى ساپاغا تەۋە يەرنىڭ دائىرىسىنى يەنە بىر جاكالىماقچى بولۇپتۇ. يەر خېتىنى يېزىلىقلارنىڭ كۆزىگە تىقماقچى بوپتۇ. مىللەت ۋەكىلى ئارىپ سايىم باينىڭ ماشىنىسىنى ئارىيەت ئاپتۇ. يېزىلىقلار ئالدىدا قانچە ئالاھىدە بولسا شۇنچە كۈچلۈك كۆرۈنىدىكەن. چاۋۇشتىن يىگىرمىدەك ساقچىنى ئارىيەت ئاپتۇ.

ھاكىمغا بۇ ئىش بەك يېقىپتۇ. ئەلى ساپا بايغا ئوخشاش جۇمھۇرىيەتچىلەر تۈركىيەدە جىققەن. ئۇلار جۇمھۇرىيەتچى بولغان بىلەن جۇمھۇرىيەتنى غاجىلاپ يەيدىكەن. "يەتتە يۈز يىللىق ئوسمانىي دەۋرىدە كۆرمىگەن ئەلى ساپالارنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۆزىگە تەيپۈن باي دەپ ئىسىم قويىۋالغان بۇنداق يالغان قەھرىمانلارنى ئوسمانىيلاردىمۇ كۆرمىگەن.... بۇلار چىرىتىدۇ. پور كۆتەكتەك چىرىتىدۇ. ئاخىرى بىر كۈن بۇنىڭغا ئوخشاش ئىپلاس غالچىلار مۇستاپا كامالنىڭ بېشىغا چىقىدۇ......" شۇڭا ئەلى ساپادەكلەرنىڭ ئىشلىرىغا كۆزنى يۇمۇپ ياردەم قىلىش كېرەككەن. بۇ ئوسمانىي سۇلتانلىقنى تىرىلدۈرۈشكە قوشقان شەرەپلىك تۆھپە ھىساپلىنىدىكەن. سېرىق باشنى يىقتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىش كېرەككەن.

ئۇلار ماشىنا بىلەن ۋاي ۋاي يېزىسىغا بېرىپتۇ. شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقىدا ئەلى ساپا باينىڭ يېرىنىڭ دائىرىسىنى ئېلان قىپتۇ. ۋاي ۋاي يېزىسى بۇ دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەن. -

دىخانلار يېزىنى "ئەلى ساپا باي تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئاتا-بوۋىمىزنىڭ ئىدى. ئۇنىڭ يەر خېتى يالغان" دەپتۇ. ھاكىم ئۇلارنى تىللاپتۇ. "ھۇ يالغانچىلار! ئوت-چۆپ بىلەن قۇراشتۇرۇۋالغان بۇ يېزا يۈز يىللىقما تېخى، ئۆتكەن يىللا قۇرۇۋالغانسىلەر تايىنلىق" دەپتۇ. ۋاقتىدا كۆچمىسە ھەممە ئۆيلەرنى بۇزۇپ ئۇلارنى مەجبۇرى بىر تەرەپ قىلىش ھۆكۈمەت قانۇنىدا بار ئىكەن. يېزىلىقلاردا يەر خېتى يوقكەن. ھەتتا ئولتۇرغان ئۆيلىرىنىڭمۇ يەر خېتى يوقكەن. بۇ قانۇنسىزلىق بولىدۇ-دە. ئەلى ساپا باينىڭ يەر خېتى بار تۇرسا ھەتتا ھاجەتخانىسىنىڭمۇ يەر خېتى بار قانۇنلۇق گىراژدان تۇرسا، دۆلەت بۇ ئادەمنى قوغدىماي ئەشۇ يولسىز، كۆكەرمە يېزىلىقلارنى قوغدامدۇ ؟!

ھاكىمنىڭ دېيىشچە بۇ دىخانلار، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىگىلىرى دېيىلگەن دىخانلار ئەمەسكەن. بۇلار باشقىكەن. قاراقچىلاركەن. تېگى پەسلەركەن. مۇستاپا كامال داۋاملىق تەكىتلەيدىغان "دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرى" دىگەن خەلق بۇلار ئەمەسكەن. ئۇلارغا تۈرك جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەھكەم قانۇنىنىڭ كۈچى يېتىدىكەن. بۇ بىر قىسىم بۇزغۇنچىلارنى جازالاش تۈرك دۆلىتىنىڭ قولىدىن كېلىدىكەن. بۇ بىر قىسىم بۇزغۇنچى دىخانلاردەك مەدەنىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى ھامان يوقىتىلىدىكەن.

ئۇلار ماشىنا دىگەن نەرسە بىلەن كەپتۇ. ئون-يىگىرمە ساقچىنى ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ. ساقچىلارنىڭ بارماقلىرى قورالنىڭ تەپكىسىدە تۇرىدىكەن. بۇيرۇقىقا تەيياركەن. دۈشمەن كۈچلەرنى ئۇجۇقتۇرۇپ، خەلق ھاكىمىيتىنى قوغداشقا تەيياركەن. ئەلى ساپا باي بىلەن ھاكىمنىڭ سۆزلىرىدىن قانۇننىڭ رەھىمسىز قىياپىتى نامايەن بولىدىكەن. بۇنداق ھەيۋەتلىك ھۆكۈمەتتىن يېزىلىقلار قورقماي قالاتتىمۇ ؟ قورقۇپتۇ. لاسسىدە بوشىشىپ قاپتۇ. توغرا ، يامان يېرىگە كەلگەندە يېزىلىقلار يەر خېتىنى چىقرالمايدىكەن. ئىلگىرى ھۆكۈمەت ھەر-خىل سەۋەپلەر بىلەن دىخانلارغا يەر خېتى كېسىپ بېرىشنى كەينىگە سۈرۈپ كەلگەن ئىكەن. شۇڭا يەر خېتى ئالالماپتىكەن.

يەر خېتنى ھەممىلا يەردە ھۆكۈمەتنىڭ يەر ئىدارىسى كېسىدىكەن. يەرنىڭ ئىملىكىنى بىلمىسىمۇ يەنىلا كادىرلار كېسىدىكەن. دىخان بوۋىسىنىڭ بوۋىسىدىن تارتىپ تېرىغان يېرىگىمۇ يەر خېتى كېسلمەيدىكەن. ھۆكۈمەت ئادىمى كېسىدىكەن. ھاكىمىيەتنىڭ بۆرۈنقى خوجايىنى ئالماشسىلا بىر پارچە يەرنىڭمۇ خوجايىنى ئالمىشىدىكەن. ئالدى بىلەن ھەممە يەر دۆلەت دىگەننىڭ بولىدىكەن. دۆلەت دىگەن ئۆزى كەتمەن تۇتالمىغاچقا ، بۆغداي ئورالمىغاچقا كادىرلىرى ياردەملىشىدىكەن. بۇ ئادەملەر دۆلەتنىڭ تامقىنى يىدۇرۇپ، ئىشتىنى كىيگۈزۈپ قويىدىكەن. ئېھتىيات قىلماي ئۇ يەر بۇ يەرگە چچىپ قويغان پوقىنىمۇ ئادالايدىكەن. بۇنداق مۇئاسىۋەتنىڭ كۆچى بىلەن دۆلەتنىڭ يېرىنىمۇ شۇلار تەقسىم قىلىدىكەن. يەر خېتىنىمۇ شۇلار كېسىدىكەن. يەرنىڭ ئىلگىركى ئىگىسى بولغان دىخانغا نۇۋەت ئەڭ كەيىندە تېگىدىكەن. شۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلىشى كېرەككەن. چۈنكى ھۆكۈمەت ئادەملىرى، تايپۇن بايغا ئوخشاش قەھرىمانلىرى ئىسسىق قانلىرىنى تۆكۈپ يېڭى دۆلەتكە ھەسسە قوشقان ئىكەن. ئەشۇ يوقسۇللارنى يورۇقلۇققا چىقسۇن دەپ شۇنچىلا مۇشەققەت تارتقان تۇرسا، شۇنچىلا ئەجرى ئۇچۇن بىر پارچە يەرنى ئالغانغا نىمە بولاتتى ؟!

ئەلى ساپا باي بىلەن ھاكىم يېزىدىن قايتىپ كەپتۇ. بىرنەچچە كۈن ماراپتۇ. زەينەلدىن يېزىدىكىلەرنىڭ ئەمدى قانداق قىلىدىغانلىقىنى سۇرۇشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ئۆزگۈرۈشنىڭ تايىنى يوقكەن. يېزىلىقلار جىق گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر-بىرىگە ئۇزۇنغىچە قارىشىپ قويىدىكەن. چىرايلىق سالاملىشىدىكەن. ئىلگىرى بېشىنى كۆتۈرۈشمۇ خوش ياقمايدىكەندۇق. ئەلى ساپا باي بۇنى بىر ھىلە دەپتۇ. ۋاقىت بەرمەسلىك كېرەككەن. ئارىسى ئۇزۇراپ كەتسە بۇرۇن بەرگەن دورىنىڭ كۈچى بولمايدىكەن. كونا دەرت ساقايمىغاندا يېڭىدىن دەرت قوشۇلسا ئۇنىمى بولىدىكەن. كونا ھۈنىرىنى باشلاپتۇ. كۈن ئارىلاپ ئادەملىرىنى يېزىغا ئېۋەتىپ ئوققا تۇتقۇزۇپتۇ. يېزىلىق دىگەننى توختىماي ئەدەپلەش كېرەككەن. قورقۇتۇش كېرەككەن. ئارام ئېلىش پۇرستى بەرمەسلىك كېرەككەن. بولمىسا ئويلىنىشقا پۇرسەت بېرىپ قويىدىكەن.

ياغمۇر ئاغا دىگەن ئات ئوغرىسىنى ئېۋەتىپ يېزىنىڭ ھەممە ئاتلىرىنى ئوغۇرلىتىپتۇ. بۇ ياغمۇر ئاغىنىڭ

خەلقارالىق ئوغرىلىق گۇرۇھى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئادەملىرى چەتئەلدىن ئات ئوغرىلاپ دۆلەت ئىچىدە ساتىدىكەن. دۆلەت ئىچىدىكى ئاتلارنى ئوغرىلاپ چەتئەلگە، ئىران، سۈرىيە تەرەپلەرگە ئاپىرىپ ساتىدىكەن. ئەلى ساپا باينىڭ دىيىشىچە بۇنداق ئايلاندۇرۇش تۈرك ئاتلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشتا مۇھىم رول ئويناپدىكەن. بۇ تۆھپىسى بىلەن ئۇ پات يېقىندا قۇرۇلتاي ۋەكىلى بولۇش ئېھتىماللىقىمۇ بار ئىكەن.

ياغمۇر ئاغا ئادەملىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ۋاي ۋايىلقلارنىڭ ئاتلىرىدىن بىرنى قويماي ئوغرىلاپتۇ. قىرى قىرچاڭغۇ ئاتلىرىنىمۇ قويماپتۇ.

يېقىنلىرىنى سانىغاندا ئالدى بىلەن ئېتىنى سانايدىغان دىخانلارنىڭ كۈنى، پۈتۈن بىر يېزىنىڭ ئېغىرچىلىقى ئەمدى نەچچە تال قوتۇر ئىشەككە قاپتۇ..............

مەمەت ئاۋاق ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئىككى كۈن تاغ ئىچىدە يۈرۈپتۇ

ئاندىن يېزىسىغا يېقىنلاشقاندا تۈزلەڭلىككە چۈشۈپتۇ. يول ئۈستىدە كەسمە يېزىسىدىن ئۆتۈپتۇ. باللىق دەۋرىدىكى يېقىنلىرى ئېسىگە كەپتۇ. يېزىسىدىن قاچقاندا ئىسسىق قۇچىقىغا ئالغان سۇلايمان خوجا بىلەن ئايالى مۇشۇ يېزىدا ئەمەسمۇ. كەچ كىرگىچە يېزىنىڭ سىرتىدا يوشۇرنۇپ يېتىپتۇ.كەچ كىرگەندە سۇلايماننىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. سۇلايمان ئۇنى كۆرۈپ ھودۇقۇپتۇ. باشقىلاردىن ئاۋاق مەمەتنىڭ "قاراقچى مەمەت ئاۋاق" بولغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرىۋاتقان ئىكەن. كۆزىگە ئىشەنمەپتۇ. بوۋاي مەمەتتىكى ناتونۇش بەلگىلەرگە، ھەركەتلەرگە ھەيران بولۇپ قارايدىكەن. مەمەت بولسا سۇلايماننىڭ ئۈستى-بېشىدىن، ئۇنىڭ ئۆيىدىن باللىق دەۋرىدىكى ئۆزىگە تونۇش بولغان يەرلەرنى ئىزدەيدىكەن. مۈگدىشىپتۇ. كېچىچە ئۇخلىماپتۇ.

پاراڭ ئارىلىقىدا سۇلايمان چال مەمەتتىن:

- ئەمدى نەگە بارماقچىسەن ئوغلۇم- دەپ سوراپتۇ. مەمەت باللىق چېغىدا ئېيتقاندەك:

ھېلقى يېزىغا كېتىۋاتىمەن- دەپتۇ. ئاندىن:

- تاغا، مەن ئۇ يېزىنى ھېلىغىچە تاپالمىدىم . ئەمدى نەگە بېرىشىنمۇ بىلمىدىم. - دەپتۇ.

سۇلايمان باشقا گەپ قىلماپتۇ. ئىچىدە "جېنىم بالام مەنمۇ شۇ يېزىنى ئىزدەۋاتقىلى مانا سەكسەن يىل بولدى. ھېلىغىچە ئۇچرىمىدى" دەپ ئويلاپتۇ. مەمەتكە،

جېنىم بالام شۇ يېزىنىڭ دەردىغۇ بۇ - دەپتۇ.

مەمەت ئېھتىيات قىلمىسا ھەممە نەرسە يوقاپ كېتىدىغاندەك شۇنداق ئاجىز يالۋۇرغان ئاۋاز بىلەن؛

تاغا، شۇ يېزا بارمۇ ياكى يوقمۇ ؟ مەن يوق نەرسىنى ئىزدەپ يۈرگەندىمەنمۇ ؟ - دەپ سوراپتۇ.

سۇلايمان چوڭ مۈكچىيىپ قاپتۇ. بىچارە ئادەم نىمىمۇ دىيەلىسۇن. "مانا ياخشى بولار، ئەنە ياخشى بولار" دەپ بىر ئۆمۈر ياخشىلىقنىڭ تاماسى بىلەن ياشىغان ئادەم نىمە دىيىشنى بىلەلمەپتۇ.

- بالام، خۇدانىڭ نەدىلىكىنى بىلدىم. ئەمما ئۇ يېزىنىڭ نەدىلىكىنى مەنمۇ بىلمىدىم. دەپ بېشىنى تۆۋەن ساپتۇ. كەينىدىن مەمەتكە ئىلتىجا قىلغاندەك:

- تەلىيىڭ بولسا ساڭا ئۇچراپ قالار- دەپ پىچىرلاپ قويۇپتۇ.

مەمەت سۇلايمان چوڭنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈندىن ئارتۇق تۇرالماپتۇ. بالىلىق دەۋرىدىكىدەك خالىغانچە تۇرسا بولمايدىكەن. ھازىر بىرلا ئابدى ئاغا ئىزدىمەستىن خۇدانىڭ جىمى مەخلۇقاتى ئۇنى ئىزدەۋاتقان ئىكەن. شۇڭا تۇرالمايدىكەن. بۇرۇن سۇلايماننىڭ ئۆيىدىن ئابدى ئاغا ئېلىپ كەتكەن بولسا، بۇ قېتىم قاراقچى مەمەت ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۆزىگە دۈشمەن بولىۋاتقان ئۆزىنىڭ نامى ئېلىپ كېتىپتۇ. مەجبۇرى ئېلىپ كېتىپتۇ. مەمەتنىڭ ئىختىيارىچە بولسا مۇشۇ ئۆيدە بىر ئاي خاتىرجەم يېتىۋالغۇسى بار ئىكەن. ئەمما ھازىر مۇمكىن بولمايدىكەن. قاراقچى مەمەت ئاۋاقنى جىمى مەۋجۇدات ئىزدەيدىكەن.

مەمەت كەسمە يېزىسىدىن چىقىپ يېرىم كېچە بىلەن دەگىرمەن ئۇلۇككە، تۇغلۇپ تونۇغان يېزىسىغا كەپتۇ.

يېزىسنى يىراقتىن كۆرگىلى بارىدىغان ھېلىقى دوڭگە بېرىپتۇ. باللىق چاغلىرىدا يالغۇز ئويۇنايدىغان بۇلاق بويىغا بېرىپتۇ. بۇلاقنىڭ تېگى كۆكۈش قۇملۇق ئىكەن. يىراقتىن يېزىسغا قاراپتۇ. باللىق چاغلىرى، بۇ ئەتراپتا قوي باققاچ ئوينىغانلىرى ئېسىگە كەپتۇ. كۆزلىرىگە ياش كەپتۇ. شۇ چاغلاردا بۇگۈنكىدەك كۇنگە قېلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانلىقى ئېسىگە كەپتۇ. ئېلىۋالغان مۇزدەك گۆش بىلەن پىيازنى ۋە ناننى چىقىرىپ تاماق يەپتۇ. "هۆكۈمەتكە تەسلىم بولسام كەچۈرۈم قىلارمۇ ؟ بۇنداق كۇندە ياشىغاندىن ھەمزەنىڭ ياكى ئەلى ساپا باينىڭ ئوتاقچىلىقىنى قىلسامىمۇ مەيلىتتى" دەپ ئويلاپتۇ.

ئۆزىنى كەچۈرۈمگە ئىشەندۇرۇشكە تىرىشىپتۇ. "چوقۇم كەچۈرىدۇ. هۆكۈمەت دىگەن يۇزىنى ئويلايدۇ. يالغان ئېيتمايدۇ..... ياق، ياق..." دەيدىكەن كەيىندىنلا. "كەچۈرۈمگە ئىشىنىپ تاغدىن چۈشكەن قاراقچىلار كوزان تۇرمىسىگە قامالدىغۇ، كەچۈرۈم دىگىنى شۇمۇ. ئاستىڭدا يېتىپ، ئاكا دىگەنگە ئىشەنگىلى بولامدۇ......ۋاي كەچۈرۈمىڭنى سى......" كاللىسىدىكى ئويلار ئۇنى يېتىلەپتۇ. كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرى ھەممىسى خىيالىغا كېلىۋاپتۇ. ئوي-خىيالنىڭ لەززەتلىك ھېس-تۇيغۇسى ئۇنى پەپلەپتۇ. شەھۋەت بىلەن پەپلەپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۇمۇتسىزلىك ئوتىدا تولغاپتۇ.

دەگىرمەن ئولۇك نامازشامدىن كېيىنكى سۇس قاراڭغۇلۇقتا سىڭىپ كېتىۋاتقان ئىكەن. كوچىلاردا ئادەممۇ يوقكەن. پەقەت بىرنەچچە تۇرخۇندىن چىقىۋاتقان ئىس بىلەنلا يېزىدا ھاياتلىقنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدىكەن. مەمەت تامىقىنى يەپ بولۇپ ئاۋال يېزىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇممەتنىڭ ئۆيىگە مېڭىپتۇ. ئۇممەت سېرىقنىڭ ئۆيى يېزىنىڭ ئەڭ چېتىدە ئىكەن. مەمەت ئۆيىنى بىر سائەتتەك كۇزىتىپ ئاندىن يېقىن بېرىپتۇ. ئىشككە ئۇددۇل بارماي مۇشۇكتەك ئېھتىيات بىلەن ئۆيىنىڭ تۆۋىسىگە چىقىپتۇ. ئىلگىركىدەك ئۆگزىنى يېنىك ئۇرۇپ ئىشارەت قىپتۇ. شۇنداق قىلسا ئۇممەت سېرىق چىقىدىكەن. بىر چاغدا ئۆيدىن بىر گەۋدە چىقىپ تام ياقلاپ ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپتۇ. مەمەتنىڭ ئۇددۇلغا كەلگەندە مەمەتكە "تېز يات" دەپتۇ. ئۇممەت سېرىق شۇىرلاپ تۇرۇپ؛

سېنىڭ تورۇس تاغلىرىغا قايتىپ كەلگەنلىكىڭنى هۆكۈمەت بىلىپتۇ. هازىر ئۆيدە لىق ئەسكەر ئۇخلاۋاتىدۇ. بۇ بوران ئۆتۈپ كەتكۈچە تورۇستىن يىراق تۇر- دەپتۇ.

مەمەت "يېزام قانداقراق تۇرىدۇ؟ " دەپ سوراپتۇ. ئۇممەت ئاچقلاپتۇ:

يېزاڭ قانداق تۇراتتى. جايىدا تۇرۇپتۇ. خۇدا ساقلىسۇن، يېزاڭغا بارمىغىن توزاققا چۈشسەن. ئەسكەرلەر تىمسقلاپ يۈرىيدۇ. دىخانلار غالجىرلىشىپ كەتتى. داداڭ بولسمۇ، قېرىنديشىڭ بولسمۇ كۆرۈنمە. تورۇستىن كەت- دەپتۇدە مەمەتنىڭ مۈزدەك بولۇپ كەتكەن قولىنى سىقىپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئاستا تام ياقلاپ ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

مەمەت بۇ يەردىن تېزلا ئايرىلىپتۇ. ئۆزى بىلىدىغان چىغىر يول بىلەن ئىتتىك مېڭىپ يىراقلىشىپتۇ. يۈرىگىدىكى قورقۇنۇچ تۇيغۇسى بارغانچە كۈچىيىپتۇ. يېزىسىغا كەلگۈچە قورقۇپ تۇرسىمۇ ئەمما قەلبىدە بىر خىل قىزىقىش ئارىلاشقان سېغىنىش بار ئىكەن. ئەمما ھازىر ھېچنىمە يوق، قاپ-قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يالغۇز قاپتۇ. ئۇممەتنىڭ، "قېرىنديشىڭ بولسمۇ كۆرۈنمە دىگىنى نىمىسى، دىخانلار غالجىرلىشىپ كەتتى دىگىنىچۇ"....مەمەت ھەر-خىل قىياسلارنى قىپتۇ. "يېزامغا نىمە بولغاندۇ ؟ دىخانلار يەرلىرىنى ئۆزى تېرىغانمىدۇ؟ دىخانلارغا نىمە بولغاندۇ ؟ ھەي ئۇممەت سېرىق، مېنى كەت دىدىڭ. نەگە كېتىمەن. دۇنيانىڭ ئۆزەم بارالايدىغانلىكى يېرىگە باردىم. ئامانلىق، تىنچلىق تاپالمىدىم. تورۇسقا كەلدىم. ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش، پۈرىۋېلىش ئۈچۈن كەلدىم. ئۆلسەم تورۇستا ئۆلەي دەپ كەلدىم......" مېڭىۋاتقان قەدەملىرى توختاپ قاپتۇ. "نەگە باراي. بۇنداق تېز مېڭىپ نەگە بارماقچىدىم....." كېچىنىڭ قاراڭغۇلىقىدا تۇرۇپ قاپتۇ. قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەپتۇ. ئانىسىنى ، خەدىچەنى ئويلاپتۇ. بالىسىنى،ئىراز ئاچىسىنى ئويلاپتۇ. ھورى ئانىسىنى، پانجار ھۆسۈكنى ئويلاپتۇ. جاپپارنى ئويلاپتۇ، كەرىم ئوغلىنى ئويلاپتۇ.....

مەمەت بۇ كېچە ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك يالغۇز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ. ئۆزىگە يېقىن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئويلاپ، يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلماقچى بوپتۇ. ئەمما يەنىلا قۇتۇلالماپتۇ. شۇندىلا ئۆزىنىڭ قانچىلىك بىچارە ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. شۇ تاپتا قاراڭغۇلۇققا لىق توشقان دۇنيادا يالغۇز ئۆزى قالغاندەك تۇيغۇ بېسىپ كەپتۇ. شۇنداق بىر دەھشەتلىك ئۇمۇتسىزلىك ئۇنىڭغا يامىشىپتۇ. يۈرەكلىرى سىقىلىپ كېتىپتۇ. يىغلاي دىسە قانداق يىغلاشنى بىلمەيدىكەن. پەقەت خۇدالا بىلىدىغان بۇ يالغۇزلۇق، بۇ

ئۇمۇتسىزلىك ئۇنىڭ روھى دۇنياسىنى لەختە-لەختە قىلىۋېتىپتۇ.

مەمەت قىمىر قىلمايدىكەن. سۇس ئاي يورۇقىدا يىراقتىن قارىغان ئادەمگە ھەيكەلدەك كۆرۈنىدىكەن. تاش ھەيكەلگە ئوخشايدىكەن...........

بىر چاغدا بۇ ھەيكەل مىدىراپتۇ. قوزغىلىپ مېڭىپتۇ. مەمەت ئاۋاق كەينىگە يېنىپتۇ. شۇنچە يەردىن كېلىپ يېزىسىنىڭ ئەھۋالىنى ، يېزىلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەي كەتسە قانداق بولىدۇ ؟ مەمەت قانداقلا بولمىسۇن بىرەر يېزىلىقنى كۆرۈشنى، ئۇنىڭدىن يېزىسى توغرىلىق ئازراق بولسىمۇ ئاڭلاشنى ئويلاپتۇ. "يەنە بىر كەلگۈچە كىم بار، كىم يوق. جان دىگەن تەندە ئامانەت. قانداقلا بولمىسۇن بىرەر يېزىلىقمنى بولسىمۇ كۆرۈۋالاي" دەپ ئويلاپتۇ. كېتىۋېتىپ ناخشا ئېيتىپتۇ. دەسلەپتە ئاۋازى بوغۇلۇپ ئۇزۇلۇپ ئېيتىپتۇ. ئاستا-ئاستا ئاۋازىمۇ ئوڭشىلىپ قاپتۇ. خۇددى تويغا ماڭغاندەك گادايدەك يېزىسى تەرەپكە ناخشا ئېيتقىنىچە مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى يۇقۇرى بولسىمۇ بىچارە ئاڭلىنىدىكەن. ئۇنىڭ ناخشىسى تۆمۈر جىسا ھاجىنىڭ ئۆلۈمگە كېتىۋېتىپ ۋارقىراپ ئېيتقان ۋەسىيىتىدەك ئېچىنىشلىق ئىكەن........

كۆزۈم ياشلىق بالىتىم.

قولى قانلىق ئەر بولدۇم،

مەمەت يېزىنىڭ شەرق تەرىپىگە، ئىسمائىل چولاقنىڭ تۈگمىنىگە يېقىن يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. تاڭ يورۇۋاتقان ئىكەن. يىراقتىن ۋەيرانە تۈگمەننى كۆزەتكەچ ئولتۇرۇپتۇ. بالا ۋاقتلىرىدا شەھەرگە بارغان چاغلىرىنى ئەسلەپتۇ......"نىمىشقىمۇ شەھەرگە بارغانىدىمەن !؟ ھەسەن ئون بېشىغا نىمىشقىمۇ ئۇچراپ قالغانىدىمەن. ئۇنىڭ گەپلىرىنى نىمىشقا ئاڭلىغانىدىمەن" دىگەنلەرنى ئويلاپتۇ......"پۇتلىرىم چولاق بولغان بولسا شەھەرگە بارالمىغان بولسام. بوگۈنكىدەك مۇشۇ پۇتلىرىم توختىماي قاچمىغان بولاتتى. كۆزلىرىم قارغۇ بولغان بولسا قۇلاقلىرىم پاڭ بولغان بولسا ھەسەن ئون بېشىنى كۆرمىگەن بولاتتىم. بوگۈنكىدەك يامان كۈنگە قالغان قەھرىمانمۇ بولمايتتىم....." دەپ ئويلاپتۇ. "ھەي قەھرىمان...كۆرىۋاتقان كۈنىڭگە، تۇرغان ئەپتىڭگە قارىغىنا....يۇرگەن كۈنىڭ شۇمۇ...سەندىن ئاچ قالسىمۇ خاتىرجەم تېرىقچىلىق قىلىدىغان دىخاننىڭ ياكى تامنىڭ تۈۋىدە غەمسىز ئولتۇرغان قەلەندەرنىڭ

كۈنى ياخشىغۇ....." دىگەنلەرنى ئويلاپتۇ. ئۆزىگە ئىچى ئاغرىپتۇ. تۇنجى قېتىم ئىچى ئاغرىپتۇ. ھېچكىم مەمەتنىڭ ئۆزىگە ئىچى ئاغرىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. ئويلاپمۇ باقمايدىكەن. باشقىلار "ئۇ دىگەن قاراقچى مەمەت ئاۋاق! تاغلارنىڭ بۈركۈتى! ئۇ بىچارە بولامدۇ" دەپ ئويلايدىكەن. مەمەتنىڭ دەردىنى ئۇنىڭ مۇشتۇمدەك قورقۇپ تىترەپ تۇرغان يۈرىكىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا بىلمەيدىكەن.

ئۇلار  مەمەتنىڭ ئوقلارنى چەپراس باغلىغان، تاسمىلىق مىلتىقنى مۈرىسىگە ئاسقان، تاپانچىسىنى ئوڭ تەرەپكە خەنجىرىنى سول تەرەپكە تاقىۋالغان قىياپىتىنىلا كۆرىدىكەن. پەقەت ئەشۇ ھەيۋەتلىك قىياپىتىنىلا كۆرىدىكەن. چاشقاندەك تىمىسقىلاپ ئالقانچىلىك بولسىمۇ تىنىچ بىر يەرگە مۇھتاجلىقىنى بىلمەيدىكەن.

ئاسىم چاۋۇش" مەمەت ئەسلى ئەۋلىيا بولىدىغان ئادەم، نىمىشقىمۇ قاراقچى بولۇپ قالغاندۇ" دەپتىكەن. مېنىڭچە ئەۋلىيا ئاپپاق ساقاللىقلا بولماي بەزىدە كوسا بەزىدە قاراقچى ۋە ياكى بەزىدە ئوغرى شەكىللىكمۇ بولامدىكىن. ئاق ساقاللىق خىزىر دۇئاسى بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرىدۇ. ئەمما كېيىنكى خىزىرلار ئىككى قولى، ئىككى پۇتى ۋە ئىسسىق جېنى بىلەن خەلقلەرگە باشپانا بولىدۇ.

ھەممىمىز بىلىمىز. خىزىر ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ. ئۇنداقتا خىزىرنىڭمۇ ھاجىتى بولامدۇ ؟ ھاجىتى يوق، مۇھتاجلىقى يوق خىزىر بولمايدۇ. چۈنكى مۇھتاجلىقنىڭ نىمىلىكىنى بىلمىسە قانداقمۇ خىزىر بولىدۇ ؟! خىزىرنىڭ مۇھتاجلىقىغا كىم ياردەم بېرىدۇ ؟ ھېچكىم ياردەم بەرمەيدۇ. ھەم بېرەلمەيدۇ. ئۇ بىر ئۆمۈر مۇھتاجلىقتا ياشاپ ئاخىرى مۇھتاجلىقتا ئۆلىدۇ. شۇندىلا بىر ئۆمۈر خىزىر بولالايدۇ. باشقىلارغا ياردەم بېرىپ ئۆزى ياردەمگە ئېرىشەلمىگەن ئادەمنى ئەڭ ياخشى خىزىر دىسەك بولىدۇ.....

مەمەت قىزارغان شەپەققە قاراپتۇ. يەنە ئولتىرىۋەرسە بولمايدىكەن. ئەتراپ يورۇپ كەتمەستە ئىشنى تۈگەتسۇن. ئۇ يېزىنىڭ چېتىدىكى ئىسمائىل چولاقنىڭ تۈگمىنىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

مەمەت تۈگمەنگە بارغاندا ئىسمائىل چولاق ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. ئەسلىدە بۇ پەسىلدە تۈگمەنچى ئۇخلىيالمايدىكەن. تۈگمەننىڭ بېسىقلىقىدىن نەچچە كۈنلەپ ئۇخلىيالمايدىكەن. ئەمما ئىسمائىل

ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. يېزىلىقلارنىڭ تۇگمەنگە ئەكەلگۈدەك بىر تۇتام ئاشلىقى بولمىسا تۇگمەنچى ئۇخلىماي نىمە ئىش قىلسۇن.

مەمەت ئۇخلاۋاتقان تۇگمەنچىنى ئويغۇتۇپتۇ.

ئىسمائىل ئاكا ياخشىمۇسەن؟ مەن مەمەت ئاۋاق- دەپ تونۇشلۇق بېرىپتۇ. تۇگمەنچى ئويغۇنۇپتۇ. قايسى مەمەت ئاۋاقلىقنى سوراپتۇ. مەمەت ئۇنىڭ بىلەن بىر يېزىلىق قاراقچى بولۇپ كەتكەن مەمەت ئاۋاقلىقنى ئېيتىپتۇ. ئۇيقۇلۇق كۆزلىرنى ئاچالماي تۇرغان تۇگمەنچى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. سەكرىگەندەك تۇرۇپتۇ سەن ئابدى ئاغىمىزنى ئۆلتۇرگەن مەمەت ئاۋاق شۇمۇ- يورۇققا كۆنەلمەيۋاتقان چوپاق كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ. "شۇ" دىگەن جاۋاپ بىلەن جىددىلىشىپتۇ. ئۇياق-بۇياقنى سىپاشتۇرۇدىكەن. بىر چاغدا قولىغا بىر توخماق ئىلىشىپتۇ.سەن كاپىر، گۇلدەك ئاغىمىزنى نىمشقا ئۆلتۇرىسەن. ھەي قانخور، ئاغىمىزنى ئۆلتۇردۇڭ، بىزنى خاراپ قىلدىڭغۇ......- نەدىندۇ پەيدا بولىۋاتقان ياش-ماڭقىلىرى، ئېغىزىدىن ئاققان شۆلگەيلىرى ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. يىغلايدىكەن. تىللايدىكەن. قاغايدىكەن. مەمەتنى ئۇرۇشقا، تاتىلاشقا تىرىشىدىكەن. مەمەت ھودۇقۇپ كېتىپتۇ. نىمە بولغانلىقنى، قۇرتقىمۇ ئازار بەرمەيدىغان بۇ تۇگمەنچىنىڭ بۈگۈن نىمە بولغانلىقنى بىلەلمەيدىكەن. ھەيران قالىدىكەن. تاياقتىن ئۆزىنى ئەپقاچىدىكەن.

ئۇنىڭ ئورۇق بىلەكلىرىدىن تۇتىۋاپتۇ. مەھكەم تۇتىۋاپتۇ. ئىسمائىل چولاق دىر-دىر تىترەيدىكەن. بوشىنىشقا تىرىشىدىكەن. ئېغىزى توختىماي نالە قىلىدىكەن. ئۈچ يىل بۇرۇن ئۆلگەن ئابدى ئاغىسىغا ھازا تۇتىدىكەن. مەمەتنى قاغايدىكەن.......

مەمەت ئامال قىلالماپتۇ. سىلكەپ بېقىپتۇ. توختىماپتۇ. يالۋۇرۇپ بېقىپتۇ. ئىسمائىل چولاق توختىمايدىكەن تىللايدىكەن.

ئەمدى ئۇنىڭنى ئۆچەر، بولمىسا ئېتىۋېتىمەن....-دەپ قورالنى قولىغا ئاپتۇ. تۇگمەنچىنىڭ ئاۋازى پەسلەپتۇ. يىغلامسىراپتۇ. يەردە ئولتۇرۇپلا قاپتۇ. قولى تىترەيدىكەن. غودۇڭشۇپ تۇرىدىكەن. يىرتىق كىيىمىدىن بېقىنلىرى، ئورۇقلىقىدىن بېلىگە يىغىلىپ قالغان كىر بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن.

مەمەتنىڭ ئۈنىڭغا ئىچى ئاغرىپتۇ.

يىغلىما ئىسمائىل- . كۆزلىرىنى يۇمۇپ، مەمەتنى كۆرۈشنى خالىمىغاندەك ئولتارغان ئىسمائىل چولاق غۇدۇڭشۇشقا ئۆتۈپتۇ؛

كىم ساڭا ئاغىمىزنى ئۆلتۈرۈپ بەر دىدى- ھە، گۇلدەك ئاغىمىزنى، ئۆيىمىزنىڭ چىرىغىنى كىم ئۆچەر دىدى. ئۇ ئۆلمىسە ھەمزە كەلمەيتتىغۇ، شۇ قانخور بەگ بولمايتتىغۇ ........ مەمەت؛

- بولدى. گېپىمنى ئاڭلا، كېيىن يىغلىۋال. بىزنىڭغا نىمە بولدى؟-دەپ سوراپتۇ. ئىسمائىلنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپتۇ. كۆزلىرى غەزەپلىك ئېچىلىپتۇ؛

نىمە بولاتتى. باللار ئاچلىقتىن قىرىلىپ كەتتى. شۇلارنىڭ قولى قىيامەت كۈنى ياقاڭدىن تۇتىدۇ. ھەمزە ھەممىنى يىغىۋالدى. ئوت-چۆپ ئۇرۇقلىرىغىچە يىغىۋالدى. ئىت-مۇشۈكلىرىمىزغىچە يىغىۋالدى. ھۆكۈمەت قوللىدى. ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە يىغىۋالدى. بىزلىقلار ئاچلىقتىن قوۋزاق يىدۇق. يانتاق يىدۇق. قەيغاشنىڭ يوپۇرماقلىرىغىچە سىرىپ يىدۇق. قوساقلىرى ئىششىپ كەتتى. قىرىلىپ كەتتى. ئېيتە ھەي قاراقچى، تاغلارنىڭ بۆركۈتى، يوقسۇللارنىڭ قاياشى. ئابدى ئاغىمىز قەرزگە بولسىمۇ ئاشلىق بىرەتتى. بىرنىملەر قىلىپ تىرىك ياشايتتۇق. سەن يوقاتتىڭ. ساڭا كىم قويدى. قوڭۇڭنى قىسماي ئاغىمىزنى ئۆلتۈردۇڭ. بىزنى يىتىم قىلدۇڭغۇ ؟! بىزنى ۋەيران قىلدۇڭغۇ ؟ ......مەمەت جىممىتە بولۇپ قاپتۇ. ئىسمائىل يىغلايدىكەن . ھازا تۇتىدىكەن. يۈرىگىدىن چىقىرىپ ئابدى ئاغىسىغا يىغلايدىكەن. بىر چاغدا مەمەت؛

بولدى ئىسمائىل ئاغا، يىغلىما. بىرنەرسە يەۋالايلى- دەپتۇ. خۇرجۇندىن ئىككى نانغا ئورالغان بىر توخونى ئاپتۇ. ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئىسمائىل يىغىدىن توختاپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ يۈزىنى يۇيۇپ كەپتۇ. مەمەت؛ قېنى ئال، ئىسمائىل ئاغام- دەپ تەكلىپ قىپتۇ. ئىسمائىل ئاچ بۆرىدەك توخوغا چاڭگال ساپتۇ. مەمەت ئۇنىڭ توخونى دەھشەتلىك يىيىشگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىسمائىل ئىككى قولى، ئاغزى-بۇرنى، ئىڭگى، كۆزلىرى، قاشلىرى بىلەن توخونى بىرىلىپ يەپتۇ. بىردەمدىلا يەپ بوپتۇ. ئۇستخانلىرىنىڭ يۇمشاقراقلىرىنى چايناپ يۇتىۋېتىپتۇ. قاتتىقلىرىنى تەپسلى غاجاپ شوراپتۇ. ھەممىنى يەپ بولۇپ

كەينىدىن ئىككى ساپلىق سۇ ئىچىپتۇ. قوللىرىنى چاپىنىغا سۈركىۋېتىپ بىرنى كىكىرىپتۇ. ئاندىن:

- ھە بالام نەلەردە يۈردۈڭ ؟ داداڭ بىلەن بەك يېقىنتىم، ئەيىپكە بۇيرىما. بىزنى بەك پەرىشان قىلدىڭ. بىر تال تاماكاڭ بارمۇ ؟ ياخشى كەپسەن. سالامەت كۆرۈشتۇق. قېنى سۆزلىگىنە ئاڭلايلى. نەلەردە نىملەر قىلىپ يۈردۈڭ ؟

مەمەت ئۇنىڭغا بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى پاراڭ سېلىپ بېرىپتۇ....

قوسقى تويغان تۇگمەنچى مەمەت كەتكەندىن كېيىن يېزىدا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

........مەمەت ئابدىنى ئۆلتۈرىۋەتكەندىن كېيىن دەگىرمەن ئۆلۈك يېزىسىدىكىلەر كاپىتالىزىمدا ياشىغاندەك ياشاپتۇ. يەرلىرى ئۆزىنىڭكەن، سۇلىرى ئۆزىنىڭكەن. كالا-قويلىرىمۇ ئۆزىنىڭكەن. ئىشقىلىپ دىخانىنىڭ مال-مۈلكى ئۆزىنىڭكەن. ھۆكۈمەتنىڭ دەيدىغان گەپ يوقكەن.......

ئەمما بۇنداق كۈنلەر ئۇزۇنغا باراپتۇ. يېزا خەلقى ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇپ ئۇچۇنچى يىلى ئەتىيازدا ھەمزە قايتىپ كەپتۇ..........

ھەمزە ئابدىنىڭ باشقا قورساقتىن بولغان ئىنىسى بولۇپ،ئابدى ھايات چېغىدا ئۇنىڭغا بەكمۇ ئۆچ بولغاچقا يېزىدىن ھەيدىۋەتكەن ئىكەن. ھەمزە ئابدى ئاغدىن قورقۇپ يېزىغا قايتىپ كېلەلمىگەن ئىكەن. ئۇ تاغ تەرەپلەردە تاغچىلارغا ياللىنىپ قوي بېقىپتۇ. جاڭزىلاردا مەدىكارچىلىق قىلىپتۇ...كېيىن ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ شۇنداق خوشال بولۇپتۇ.....ئۇچرىغانلا ئادەمگە " ئاكام ئۆلۈپتۇ..." دەپ سۆزلەپ يۈرۈپتۇ....كېينچە بۇ خوشاللىقىمۇ ئۇنتۇلۇپ بۇرۇنقىدەك مەدىكارچىلىقنى قىلىپ يۈرىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ مەدىكارچىلىق قىلىۋاتقان يېرىگە پىترەك ئوغلى دىگەن يېزىلىقى ئىزدەپ كەپتۇ. پىترەك ئوغلى تولىمۇ مەمەددان ئادەم ئىكەن. ھەرقانداق ئادەمنى قايىل قىلالايدىكەن. سېغىزنى سېرىق ماي دەپ ئىشەندۈرەلەيدىكەن. ئۇ ھەمزە بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن؛

- ھەي نادان، بۇ يەردە مەدىكار بولۇپ يۇرگىچە دىكەنلىگە بىرىپ پادىشا بولمامسەن- دەپتۇ. ھەمدە ئەگەر ئۆزىنىڭ دىگىنىدەك قىلسا چوقۇم ئاكىسىنىڭ ئورنىغا يىزا باشلىغى بولدىغانلىقىنى ئىزىپ چۈشەندۈرۈپتۇ. ھەمزە ئاكىسىنىڭ ئۆلگىنىگە خوشال بولغان ئىكەن. ئەسلىدە خوشال بولىدىغان ئىش ئۇ ئەمەسكەن. خوشاللىق ئالدىدا ئىكەن ئەمەسمۇ . ھەمزەگە پىترەك ئوغلى خىزىردەك كۆرۈنۈپتۇ. "سەن نىمە دىسەڭ شۇ. قىنى يول باشلا " دەپتۇ.....

ھەمزە شۇ كۈنلا پىترەك ئوغلىنىڭ يول كۆرستىشى بىلەن ئاخىرقى نەچچە تال دەسمايىسىنى خەجلەپ بىر ئات، بىر قۇر ياخشى كىيىم، ۋە بىر تال گىرمانكىنى ئوقلىرى بىلەن سىتىۋاپتۇ. بىكا تەلەپلەردىن نەچچىسىنى يىغىپ ئۇلارغا يەر، سۇ، پۇل ۋەدە قىلىپ ئەگەشتۇرۇپتۇ. قاتار ئاتلىقلار ھەيۋەت بىلەن يىزىغا كەپتۇ. ئۇددۇل بىرىپ ئاكىسىنىڭ ئۆيلىرىنى ئىگەللەپتۇ. نەچچە كۈن ئىچىدە ئىشلارنى قولىغا ئاپتۇ. يىزىنىڭ ئىمامىنى چاقىرىپ ئابدىنىڭ ئىككى خوتۇنىنى نىكاھىغا ئىلىپتۇ. چوڭ توي قىلىپ بىرىپتۇ. پۈتۈن يىزىنى تويغا چاقىرىپتۇ. يىزىلىقلار ھەيران قاپتۇ. ئابدى ئاغا نەزىرىمۇ بىرىپ باقماپتىكەن. قايناقسۇمۇ بىرىپ باقماپتىكەن. ھەمزە توي ئىشى بىرىپتۇ. يىزىلىقلار پادىشانىڭ تويغا بارغاندەك تويۇپتۇ. مەشرەپ ساپتۇ. چوڭ-كىچىك ئۇسۇلغا چۈشۈپتۇ. شاھزادىنىڭ تويىدەك خوشال ئويناپتۇ. يەپتۇ-ئىچىپتۇ. بۇ تويغا ھۆرى ئانىلا قاتناشماپتۇ. مەنىستىمگەندەك يۈرىۋىرىپتۇ. دىخانلارنىڭ چىرايىغىمۇ قارىمايدىكەن. ئۇنى كۆرگەن يىزىلىقلار تەنە قىلىدىكەن؛

-قاراڭلار ھۆرى خوتۇن نەگە ماڭغاندۇ ؟

-دۈرمۈش ئەلىنىڭ قارىسى تۆگىمىگەن ئوخشىمامدۇ ؟

-ھورى خاتۇن، مەمەت ئاۋاقنىڭ تويىدىن باشقا تويغا بارمايدۇ.

-كىشىگە قىلسا ئۆزىگە، دىگەن شۇ. دۈرمۈش ئەلى مەمەتنى بەك ۋاي دەپ كەتكەن . - بۇ خوتۇنمۇ شۇ. تارتقۇلۇقنى تارتتى..........

-ھىلىمۇ ئاغىمىزنىڭ يەرلىرىنى ئۆچ يىل تىرىدۇق. ئاشلىق-چارۋىلار ساڭ-ئىغىللارغا توشتى. يۈزىمىز قىزارسۇن قايتۇرۇپ بەرسەك ئەرزىيدۇ.

- ھەمزەگە يەر كېرەك ئەمەسكەن. يېزىلىقلار بىلەن ئىناق ئۆتسىلا شۇ كۇپايىكەن.

- ئاغىسىز يېزىنى يېزا دىگىلى بولامدۇ، باشسىز يۇرگىلى بولاتتىمۇ. ھېلىمۇ ھەمزە كېلىپ قالدى. خۇداغا شۇكرى.....

يېزىلىقلار ھەمزەنى "ئاكىسىغا ئوخشمايدىغان شۇنداق چىقشقاق، مېھرىبان، مەرت ئادەم بوپتۇ" دىيىشىپتۇ. تويلار ئاخىرلىشىپتۇ. تويغا كەلگەن شەھەرلىك مېھمانلار ئۇزاپتۇ. ساقچىلار بىلەن چاۋۇش قايتماپتۇ. بىر كۈنى يېزىلىقلارنى يىغىپتۇ. دىخانلار توينىڭ چىللاشقىسى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ. چاۋۇش ھەممەيلەن يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا؛

-سىلەر ئابدى ئاغىنى ئۆلتۈرۈپ يەرلىرىنى مال-چارۋىلىرىنى تارتىۋېلىپسىلەر. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قانۇندا بىراۋنىڭ مۈلكىنى تارتىۋېلىش جىنايەت . بۇنداق ئوغرىلارنى، بۇلاڭچىلارنى بىز باشقۇرالايمىز. بۈگۈندىن باشلاپ ئېلىۋالغان نەرسىلەرنى پۈتۈنلەي قايتۇرىسىلەر. يىڭنە چاغلىق نەرسىنىمۇ قالدۇرمايسىلەر....

ئارىدىن بىر ئىككەيلەن؛

- بىز ئابدى ئاغىنى ئۆلتۈرمىدۇق. مەمەت ئاۋاق ئۆلتۈردى...- دىيىشكە ساقچىلاردىن تۆتى كېلىپ ئۇلارنى سۆرەپ مەيداننىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ تازا ئۇرۇپتۇ. ھەمزە سەل ئۆتكۈزۈپ ساقچىلارنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ؛

- بولدى ئۇلار قانۇننى بىلمەيدۇ. ساۋاتسىز. كەچۈرۈۋېتەيلى. ئەمدى ئادەم بولار.- دەپ تاياقتىن قۇتۇلدۇرغان بولۇپتۇ. يېزىلىقلار مەڭدەپ قاپتۇ. تاياقنى، تىلنى ئۈچ يىلغىچە كۆرمەي ئۇنتۇپ قالاي دەپتىكەن. ئەمدى ئېسىگە كەپتۇ. تېزلا ئېسىگە كەپتۇ. يېزىلىقلار تارقىشىپتۇ. كېيىن تالىشىپتۇ. بەزىلەر "ھەمزەنىڭ توغرا" دەيدىكەن، بەزىلەر "خاتا" دەيدىكەن. ئۇلار شۇنچىلىك ھودۇقۇپتىكى، نىمىنىڭ خاتا، نىمىنىڭ توغرىلىقنى بىلەلمەيلا قاپتۇ.....

ئەتىسىدىن باشلاپ ھەر ئون ساقچىنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ ئۆيمۇ-ئۆي ئاختۇرۇپتۇ. ئۈچرىغاننى تۇتۇپتۇ.

بۇغدايدىن تارتىپ ئۇنغىچە ھەتتا يۇغۇرۇپ قويغان خېمىرغىچە قويماپتۇ. ئات، كالا، قوي، توخوغىچە ھەممىنى يىغىپتۇ...شەھەردىن مالچىلارنى چاقىرىپ بارلىق ھايۋاناتنى ئۇلارغا سېتىپتۇ. يېزىدىن شەھەرگە ئۇچ كۇنگىچە مال پادىسى مېڭىپ تۇرۇپتۇ.....ئاشلىق سودىگەرلىرى خېچىر كارۋانلىرى بىلەن ئاشلىقلارنى توشۇپتۇ. دىخانلارغا بۇ ئىش ئويۇندەك بىلىنىپ ئىشەنگۇسى كەلمەپتۇ. ھەمزە يېزىلىقلارغا يەر ھەيدەيدىغان كالىلارنىلا قالدۇرۇپتۇ. يەر ھەيدىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىمۇ يىغىۋاپتۇ. ھەمزە؛

-ئاكام ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر ئۇچ يىلغىچە بىر تال دانىمۇ بەرمىدىڭلار. مەن ئەمدى بەش يىلغىچە سىلەرگە بىر تال دانىمۇ بەرمەيمەن- دەپتۇ. "ئادالەت دىگەن مۇشۇ. مانا بۇ ھەققانىيەتچىلىك" دەپتۇ.

شۇ يىلى قىشتا دىخانلارنىڭ يەيدىغىنى يوق ئاچ قاپتۇ. ھەمزەنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.

-بىز قىلغاننى سەن قىلما، ئىچىڭ ئاغرىسۇن ئاچلىقتىن قىرىلىپ كەتمەيلى- دەپتۇ. ھەمزە پەرۋا قىلماپتۇ. ئاچلىقتىن نۇرغۇن ئادەم ئىششىپ كېتىپ ئۆلۈپتۇ. ئابدى ئاغا دەۋرىدە ھەرقانچە بولسىمۇ ئاچلىقتىن بىرەرسى ئۆلمىگەن ئىكەن. كۆپىنچە دىخان يېزىنى تاشلاپ كېتىپتۇ.........

ئەتىياز كىرىشى بىلەن يېزىدا ئۆلگەنلەر كۆپىيىپتۇ. دىخانلار ئۆمرىدە بۇ قىشتىكىدەك قىينالمىغان ئىكەن. ئۆيلىرىگە تىقلىپ كېتىپتۇ. دۇنيادىكى ئەڭ گەپتان ئادەملەر تورۇس دىخانلىرى دىيىشىدۇ. ئەمما ھازىر بۇلارنىڭ ئاغىزى تىكىۋېتىلگەندەك گەپ قىلىشمايدىكەن. بىر نەرسىگە خاپىكەن. ئورنىدىن تۇرىۋېتىپ قولاشمىغان پۇتىغىمۇ خاپىكەن. يولدا كېتىۋېتىپ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەن قۇشقاچقىمۇ خاپىكەن. قۇرۇت-قوڭۇزغىمۇ خاپىكەن. ئاسمانغا، تاغلارغا، دەل-دەرەخلەرگە خاپىكەن......

يەرلەر كۆكىرىشكە باشلاپتۇ. باش چىقارغان يېشىل چۆپ ياكى ئەمدىلا بىخ يارغان يوپۇرماق بولسۇن ئۇلارغا ئاران ئۇلگىرىدىكەن. باھار كەپتۇ. يىگۇدەك نەرسە پەيدا بوپتۇ. يالماپ يىگۇدەك بولمىسىمۇ ئۇزۇپ يىگۇدەك بوپتۇ. يېزىلىقلار ئۇمۇتسىز ياشايدىكەن. راستىنى ئېيتقاندا نىمىنى ئۇمۇت قىلىشنىمۇ

بىلمەيدىكەن. بىر تال چوپ ياكى بىرەر تال قۇرۇت ئۇلارنىڭ ئۈمۈدىكەن. قوساقنىڭ تاماسى بىلەن گاراڭكەن. كەمبەغەلچىلىك ئادەمنى يۇۋاش قىلىۋېتىدىكەن. جىمىتتىدىكەن..........

بىر كۈنى كېچىدە يېزىلىقلار "مەمەت ئاۋاق يېزىغا كەپتۇ." دىگەن گەپنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ھەممىسى ئۆيلىرىدىن چىقىپتۇ. قوللىرىغا تاياق-توخماق ئېلىپتۇ. پەرەڭلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن كېيىن تۇتۇپ باقمىغان قىلىچلىرىنى، مىلتىقلىرىنى نەدىندۇ تېپىپتۇ. مەمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. تاپالماپتۇ. ئۆينى ئۆرۈۋېتىپتۇ. ھۆرى ئانىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كەپتۇ. ئۆيلەرنى ئاختار دەپتەر قىلىۋېتىپتۇ. قېزىۋېتىپتۇ. ئىشىك-دېرىزىلەرنى ئۇرۇپ چېقىپ قومۇرىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ قولىدىن ئېغىل-سامانلىقمۇ قۇتۇلالماپتۇ. ھەممە ئۆينىڭ تاملىرىنىمۇ، ئۆگزىلىرىنىمۇ ئۆرۈپ ئاختۇرۇپتۇ. ئاچچىقىنى باسالماپتۇ. تۇيۇقسىز سەمەتنىڭ قولى ئەمەتنىڭ بۇرنىغا تېگىپ كېتىپتۇ. تىللىشىپتۇ. ئەلى بىلمەستىن ۋەلىنىڭ پۇتىنى دەسسىۋاپتۇ. ئىترىشىپتۇ. بولدى قىلماي ياقىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ بولۇپ ئۇرۇشۇپتۇ. كېينچە نەچچە تەرەپلىكنى بىلگىلىمۇ بولماپتۇ. بىر-بىرىنى ئايىماي ئۇرىدىكەن. ئالدىغا كەلگەننى ئۇرىدىكەن. ئاتا-بالا، ئۇرۇق-تۇققان، ئاغىينە-بۇرادەر....ھېچكىمنىڭ كۆزى ھېچنىمىنى كۆرمەيدىكەن. باشلار يېرىلىپ، قول-پۇتلار سۇنىدىكەن. يېزىلىقلارنىڭ بۇ دەھشەتلىك ئەلپازىدىن ھەمزە ئاغا بىلەن چاۋۇش، ساقچىلار قورقۇپ كېتىپتۇ. قورقۇنۇچتىن بىر بۇلۇڭغا تىقىلىپ نىمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپتۇ. دىخانلارغا يېقىنلاشقىلى بولامدۇ. يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدىن تۇرىدىكەن. "قاچان باستۇرۇپ كېلەر...." دەپ تىترەيدىكەن.

يېزىلىقلار يېرىم كېچىگىچە ئۇرۇشۇپتۇ. ئازاتلىق ئۇرۇشىدىمۇ بۇنداق ئۇرۇشۇپ باقماپتىكەن. پەرەڭلەر بىلەنمۇ بۇنداق ئۇرۇشۇپ باقماپتىكەن. ھەيران قالغۇدەك ئۇرۇشۇپتۇ. ھېچكىم قاتاردىن قالماي باتۇرلۇق كۆرسۈتۈپتۇ. تاياق يىمىگەن، ياردار بولمىغان ئادەم قالماپتۇ. شېھىت بولغان ئادەمدىن بىرىمۇ يوقكەن. ھەممىسى غازى بوپتۇ. بۇزۇلمىغان چېقىلمىغان ھېچنىمە قالماپتۇ. يېرىم كېچىگە يېقىن

ئۇرۇش ئاخىرلىشىپتۇ. ئۇرۇشنىڭ قانداق ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن.  شۇ كېچىسى يېزىلىقلار شۇنداق شېرىن ئۇخلاپتۇ. ھەممە دەرتلىرى چىقىپ كەتكەندەك يېنىك ئۇخلاپتۇ.........

ئىسمائىل چولاق ھىكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ:

- دىخانلار كوچىغىمۇ چىقالمايدۇ. ئۇچىسغا كەيگۇدەك كىيىممۇ يوق. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن. تۇگمەننىڭ تېشىنى تور بېسىپ كەتتى. قاچان بۇغداي تارتقانلىقنى بىلگىلى بولمايدۇ. بىر سىقىم دان سالمىغىلى ئۈچ يىل بولدى.....بىز نىمە كۈنگە قالدۇق-ھە ؟ قايسى گۇناھىمىزغا بۇنچىلىك دەرت تارتىمىز ؟!.......

مەمەت ئۈندىمەپتۇ. بېشىنى سالغىنىچە ئولتۇرىدىكەن. ئىسمائىل چولاق توختىماي ئۇھ تارتىدىكەن. كۈن ئولتۇرۇپتۇ. مەمەت قىمىر قىلماي ئولتۇرىدىكەن. يەرگە قاراپ ئولتۇرىدىكەن. شۇنداق ئۇزۇن ئولتۇرۇپتۇ. مەمەت يەر تېشىلىپ كەتكۇدەك قاراپ ئولتۇرىدىكەن. ئىسمائىل چولاق ئەسنەپتۇ. تەرتى قىستىغانمۇ سىرتقا مېڭىپتۇ. ھودۇققىنىچە تېزلا قايتىپ كىرىپتۇ: - مەمەت.... سىرتتا......لىق ئەسكەر......-. كەيىننى دىيەلمەپتۇ.

ئەسلىدە ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا مەمەتنىڭ ئىزىنى تاپقان ئەسكەرلەر تۈيدۇرماي تۇگمەننى قورشاپ بولغان ئىكەن. سىرتتىن يۇقۇرى ئاۋازلىق كاناي بىلەن:

- مەمەت تەسلىم بول. قورشاۋدا قالدىڭ – دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. ئەسكەرلەرنى باشلاپ كەلگەن ئىبراھىم قارا دىگەن كونا قاراقچى ئىكەن. ئۇ ئىلگىرى تورۇس تاغلىرىدا ئاسقىنى ئاسقان، چاپقىنى چاپقان ئادەم ئىكەندۇق. كېيىن تۇيۇقسىزلا ھۆكۈمەت تەرەپتىمۇ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ دەسلەپتە ھۆكۈمەت بىلەن قاراقچىلار ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. ھۆكۈمەتنىڭ "تەسلىم بولغانلار كېچىم قىلىنىدۇ" دىگەن سىياسىتىنى ئېلىپ تاغلاردا يۈرۈپ، ئوتتۇزدەك قاراقچىنى تەسلىم قىلدۇرۇپتۇ. بۇ قاراقچىلار شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن ھەممىسى قولغا ئېلىنىپ كوزان تۈرمىسىگە سولىنىپتۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۇلارنىڭ

قوللىرىنى چېتىپ كويزىلاپ "ئاداناغا ئاپىرىمىز" دەپ يولغا ساپتۇ. قاراقچىلار كوزاندىن چىقىپ بىر كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن سارى چام دىگەن يەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىۋېتىپ كۆمۈپ تاشلاپتۇ. يۇقۇرىغا "قاچقان ئىدى، ئېتىۋەتتۇق" دەپ دوكلات يوللاپتۇ. ئىبراھىم قارا ئەنە شۇنداق تۆھپىلىرى بىلەن ھۆكۈمەتكە ياراپ قاپتۇ. بەكرەك يارىغان يېرى، ھۆكۈمەت قاراقچىلارنى ئىبراھىمدەك چۈشەنمەيدىكەن. شۇڭا بۇ قارىۋاي بەك مۇھىمكەن. قاراقچىلارنىڭ ئالدىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بىلىنىپ قالغاندىن كېيىن ئىبراھىم  تاغلارغا يالغۇز چىقالماپتۇ. كەچۈرۈم دەستىكىنىڭ ئورنىغا قورال ئېلىپ ساقچىلارغا قوشۇلۇپ بىۋاستە جەڭگە چىقىپتۇ. ئەمما ئىلگىركىدەك چوڭ تۆھپە كۆرسىتىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولماپتۇ.

ئالدىنقى ھەپتە ئىبراھىم قارا چۇمۇلىدەك ئەسكەرلەرنى باشلاپ بىر قاراقچىلار ئەترىتىنى قورشىۋاپتىكەن. ئىشەنچلىك مەلۇماتتا بۇلار مەمەت ئاۋاقنىڭ ئەترىتى دىيىلگەن ئىكەن. ئەمما ئۇلارنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن قارىسا مەمەتلەر ئەمەسكەن.

زالانىڭ ئوغلى باشلىق قاراقچىلار ئەترىتىكەن. زالانىڭ ئوغلى ئۆزلىرىنىڭ يېرىنى تارتىۋالغان ئابدۇللا ئوغلى دىگەننى ئۆلتۈرۈپ تاغقا چىقىپ كەتكەن ئىكەن. ئاپىسى زالا ئۇنىڭغا بەك ئامراق بولغاچقا ئۆزىنىڭ ئوغلىنى زالانىڭ ئوغلى دەپ چاقىرىدىكەن. شۇڭا ئىسمى ئۇنتۇلۇپ "زالانىڭ ئوغلى" دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. ئىبراھىم قارىنىڭ تەلىيى كەپتۇ. بۇ قاراقچىلارنىڭ ئىچىدە قاراقچى تاز دەيدىغان داڭلىق قاراقچىمۇ بار ئىكەن. سەككىز قاراقچىنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپتۇ.  ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى  ئاتلارغا ئارتىپ شەھەرگە ئېلىپ كەپتۇ. ئۆلۈكلەرنى تامغا يۆلەپ ئايرىم- ئايرىم رەسىمگە ئاپتۇ. رەسىمگە تارتىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ بېشىدىكى بوكلىرىنى ئېلىۋېتىپ ناھايىتى سىپتا تىكىلگەن فەس(دوپپا)نى كىيگۈزۈپ تارتىپتۇ. بۇنىڭدىن ئەتراپتىكى شەھەرلىكلەر كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. شەھەرلىكلەرنىڭ دىيىشچە مۇستاپا كامال فەس(دوپپا)كە ناھايىتى ئۆچمىش.

ئۆلۈكلەرنى ئۈچ كۈنگىچە ئىگىلىرىگە بەرمەپتۇ.  زالا ئوغلىنىڭ ئۆلۈكىگە يىراقتىن قارايدىكەن. قوشتەك سايرايدىكەن.  "....جېنىم ئوغلۇم سۆيۈشكىمۇ كۆزۈم قىيمايتتى. يۇزلىرىڭگە چىۋىنلار قونۇۋاپتىغۇ، لاي

توپىغا تاشلاپتىغۇ، قىزىل قانغا بوياپتىغۇ ، بىر دانەم....." تۇققانلىرى قارايدىكەن. ئۈن-سىز يىغلايدىكەن. ئەمما بۇيرۇق قاتتىق "ئۆلۈكنى بەرمەيمىز." ئىككى كۈنگىچە ئۆلۈكلەر ئىششىپ كىيملىرى ئېتىلىپ كەتكۈدەك بوپتۇ. زالانىڭ ئوغلىنىڭ كېلىشكەن بەدىنى ئىششىغاندىن كېيىن تېخىمۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ كېتىپتۇ. چىرايى ئۆلگەن چاغدىكىدەك يەنىلا كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىكەن. سېسىپ كەتسىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىكەن. قوماندانلىق شتاپلا ئەمەس، پۈتۈن شەھەر سېسىقچىلىققا تولۇپتۇ. ئەسلىدىنلا مۇقىم پۇرىغى يوق شەھەرنى سېسىقچىلىق ئاسانلا ئىگەللەپتۇ. ئاخىرقى كۈنى ساقچىلار بۇ سېسىقچىلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلىدىمۇ "ئۆلۈكلەرنى ئېلىۋېلىڭلار" دەپتۇ. ھۆكۈمەت ئۆلۈكلەرنى سېستىپ سازايى قىلىش ئارقىلىق قاراقچى تازىلاشتىكى قۇدرىتىنى نامايەن قىپتۇ. قىسىر ئىنەك بۇرنىنى ئاسمانغا قىپتۇ. خۇمارىنى بېسىپتۇ.

بىرىنچى بولۇپ زالا ئوغلىنىڭ ئۆلۈكىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. پۇراپ سېسىپ كەتكەن ئوغلىنىڭ جەسىتىنى خۇددى بۇرنى پۇرىمايدىغاندەك قۇچاغلاپ پۇراپتۇ.........

ئىبراھىم قارا زالانىڭ ئوغلىنى يوقتىپ ھەپتە ئۆتمەي مانا بۇگۈن مەمەتنى كىچىككىنە تۈگمەندە قورشىۋاپتۇ. خۇدايىم بېرىپتۇ. ھەر ھەپتىدە بىر ئەترەتنى يوقاتسا، تېزلا ئەنقەرەگە ئاڭلىنىدۇ. يارامىلىق ئادەم سانىلىپ يۈتكىلىپ كېتەمدۇ-تېخى.

مەمەت تەسلىم بولمايدىكەن. ئۇرۇش باشلىنىپتۇ. سىرتتىكىلەر تۈگمەننى ئوققا تۇتۇپتۇ. مەمەت بىر دەم دېرىزىدىن بىر دەم ئىشكىنىڭ يوچۇقلىرىدىن سىرتتىكىلەرنى ئېتىپتۇ. ئوق يامغۇرى تۈگمەننىڭ دېرىزە، ئىشىك، تام يېرىقلىرىدىن كىرىپ تۇرىدىكەن. ئىبراھىم قارا تۇرۇپ-تۇرۇپ "ھەي مەمەت بالا، تەسلىم بول. ئەمدى ساق چىقالمايسەن." دەپ توۋلايدىكەن. مەمەت ئۈنچىقمايدىكەن. ئوق ئېتىشنى توختاتمايدىكەن. توختاتسا سىرتتىكىلەر ئۇنىڭ ئوي-پىكرىنى بىلىۋالىدىكەن.

قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە ئاۋاقنىڭ قورشاۋغا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىغان جىمى ساقچى، ئەسكەرلەر ئۇلارغا قوشۇلۇپ دىخانلارمۇ كەتمەن-گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كېلىدىكەن. ئەمدى قۇتۇلالمايدىكەن. ئاسمىنى كەڭ تاغلىق ياكى قومۇشلۇق ئەمەسكەن. چولاقنىڭ بىر ئېغىزلىق

ئەسكى تۇگمىنىكەن. ئىسمائىل بىر بۇلۇڭدا بېشىنى تىزلىرىنىڭ ئارىسىغا تىققىنىچە تۇگۈلۈپ ئولتۇرىدىكەن. "قۇتۇلۇش يوق. ئەمدى كۈنۈم تۇشتى. ئەتە دەگىرمەن ئۆلۈكتىكىلەر مەمەتنىڭ تۇگۈلۈپ قالغان ئۆلۈكنى كۆرىدۇ. ۋاي ئاۋاق، كۆرۈدىغان كۈنۈڭ مۇشۇتتى دىيىشىپ تۇكۇرىدۇ."

مەمەت تۇيۇقسىز ئىبراھىم قارىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئىبراھىم قارا ئۇزۇنغا سوزۇلغان قورشاۋدا بىخۇتلىشىپ قالغان ئىكەن. قورشاۋدا قالغان مەمەتنى كۆزگە ئىلمىغان ئىكەن. "توختا ، سېنى نەچچە قېتىم ئايىغانتىم. ئەمدى يېتەر. ئاۋال سەن مېڭىپ تۇر ئاندىن مەن ماڭسامىمۇ بولار" دەپ ئويلاپتۇ. مەمەت ئۇنى چەنلەپ تەپكىنى بېسىۋېتىپتۇ.

ئېڭىشىپ تۇرغان قارىپاقا خۇددى ئوقيانىڭ دەستىدەك ھاۋاغا كېرىلىپ قاپتۇ. دەھشەتلىك ۋاقىراپتۇ. ئاندىن دۇمۇلغىنىچە تاش-تۇپراقلارنى تاتىلاپ، تېپچەكلەپ جىمىپ قاپتۇ. سىرتتىكىلەر ئوق ئېتىشتىن توختاپتۇ. مەمەتمۇ توختاپتۇ. سەل ئۆتۈپ سىرتتىكىلەر شۇنداق ئوق ياغدۇرۇپتىكى مەمەت يەرگە يېتىۋېلىپتۇ. "قانداق قىلاي ؟ نىمىگە ئېرىشتىم ئابدى كەتتى ھەمزە كەلدى. كۈتكۈنۈم مۇشۇمۇ......سەل تۇرۇپ مەنمۇ ئىبراھىمدەك تېپچەكلەرمەنمۇ........"

بارا-بارا قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. مەمەتنىڭ ئوقىمۇ ئاز قاپتۇ. كاللىسى يەنىلا قۇيقۇرۇق ئىكەن. "ئابدى كەتتى، ھەمزە كەلدى.....قىلغان ئىشلىرىم، تارتقان دەرتلىرىم قۇرۇق بولدىمۇ، پايدىسى بولمىدىمۇ.......يەنە نىمىشقا تىركىشىمەن....."

شۇ چاغدا فەرۇخ يۈز بېشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

-تۇگمەنگە بومبا تاشلاڭلار.- مانا فەرۇخ يۈز بېشىمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئەمدى قېچىش مۇمكىن ئەمەس. بومبىلار ئېتىلىپتۇ. ئىشىك ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ.  كەينىدىنلا يەنە ئىككى بومبا ئېتىلىپتۇ. تۇگمەننىڭ تۆۋىسىنىڭ يېرىمى بىلەن بىر تېمى مەمەتلەرنىڭ ئۈستىگە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. شۇ تۇپا-چاڭ ئىچىدە تۇيۇقسىز بىرسىنىڭ قولى مەمەتنىڭ قولنى تۇتۇپتۇ: -

-ئەخمەق ئادەم قاراقچى بولدۇ. ھەي ئاۋاق. سەن ئۆلمەي تۇر. سەن ئۆلسەڭ بولمىغىدەك. ئىككى ئاي بۇرۇن قاراقچى تاز بىر گېرمانكا بىلەن يۈز پاي ئوقنى ئامانەت قويۇپ كەتكەن. مەن شۇ قورال بىلەن

ئۆلارغا توختىماي ئوق ئېتىپ تۇرىمەن. سەن تۇگمەننىڭ نوسىدىن ئۆتكەن سۇ بىلەن ئېقىپ بۇ قورشاۋدىن چىقىپ كەت-دەپتۇ. مەمەت ئىسمائىلنىڭ گېپىنى تولۇق ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئاڭقىرالماپتۇ. قېتىپلا قاپتۇ. ئىسمائىل چولاق؛

-ھەي تىكلىپ تۇرما تېز بول،.... ماڭساڭچۇ.....بولدى كېيىن ئويلا....- دەپتۇ. بىر تەرەپتىن سىرتتىكى قاراڭغۇلۇققا قارىتىپ ئوق ئاتىدىكەن. يەنە قايتىپ كېلىدىكەن مەمەتكە يالۋۇرۇدىكەن؛

-ئۇنداق قىلما جېنىم قوزام...ماڭساڭچۇ......ھەي ماڭقا گەپ قىلىۋاتىمەن. تېز ماڭ......ماڭ دەيمەن بۇرادەر....سېنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىڭ ھازىر ئەمەس. مەن ئويلۇدۇم. توختىماي ئويلۇدۇم...ئۇنداق قىلما....- يۇگۇرۇپ بېرىپ نەچچە پاي ئوق ئاتىدىكەن يەنە كېلىدىكەن مەمەتنىڭ قولىغا ئېسىلىدىكەن:

-كۆزۈڭدىن ئايلىناي...جېنىم بالام، ئۇنداق قىلما...ماڭە... ھەي كاپىر...مۇشۇنداق ئۆلمەكچىمۇ سەن...شۇنداق ئاسانلا ئۆلۈپ قۇتۇلماقچىمۇ....مېنى كەچۈر...ئاچلىق ئەقلىمنى يوقاتتى...ئىغۋاغا ئىشەندىم...جاپا تارتىپ كەلسەڭ...كۆڭۈل سوراپ كەلسەڭ...ياخشى كۈتمىدىم.....

مەمەت مىچچىتە ھۆل بولۇپ كەتكەن ئىكەن.

- مەمىتىم، ئۇنداق قىلما مەن چوڭ، سەن كىچىك...سەن مېنى كەچۈر....ئۇنداق قىلما...ھازىر ئۆلمە.....- مەمەت تۇيۇقسىز ئىسمائىل چولاقنى قۇچاغلاپتۇ. كۆزلىرىدىكى ياش بىلەن تەرلەر قوشۇلۇپ كەتكەن ئىكەن:

- خوش ئىسمائىل ئاغا. يەنە كېلىمەن. ھازىرچە خۇدايىمغا ئامانەت. يېزىلىقلارغا دەپ قوي. باللىق قىپتىمەن. سىلەرنى يامان كۇنگە قويۇپتىمەن. مېنى كەچۈرۈڭلار......- ئارتۇق گەپ قىلماپتۇ. توغرىسى قىلالماپتۇ. شۇنداق سىلىق، خۇددى بېلىقتەكلا سۇغا چۈشۈپتۇ. سۇنىڭ ئېقىشىغا ئۆزىنى قويۇۋېتىپتۇ.......

ئىسمائىل چولاق تاڭ ئاتقىچە ئوق ئېتىشنى توختاتماپتۇ. بىر كېچە توختىماي ئېتىپ چىقىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا يۈز بېشى فارۇق ھەممە ئەسكەرنى ھەممە قورالنى ئىشلىتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. تۇگمەن تۈزلىنىپ كېتىپتۇ. جىمجىتكەن. ھېچقانداق ئاۋاز يوق. ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى ئاسىم چاۋۇش بىراقلا يىگىرمە ياش

قىرىپ كەتكەندەك. ماغدۇرى قالمىغاندەك بولۇپ قاپتۇ. ئەسكەرلەر ئۆزۈلگەن تۆۋىنىڭ بىر بۆلۈكىدىن ئىسمائىل چولاقنىڭ ئۆلگىنى تېپىپتۇ. تۇگۇلۇپلا قالغان ئىكەن. بىر تال ئوق سول كۆكسىدىن كىرىپ دۈمبىسىدىن چىقىپ كەتكەن ئىكەن. يېنىدا بىر دۆۋە پىستان بار ئىكەن. ئاسىم چاۋۇش يۇز بېشىغا خەۋەر قىپتۇ؛

ـ مەمەت ئەمەسكەن.... ـ چاۋۇشنىڭ چىرايىدا بىر خىل خوشاللىق ئارىلاش كۈلۈمسىرەش بار ئىكەن...........

ۋاي ۋاي يېزىسىدىكىلەر بۇ يىلقى ھوسۇلدىن ئۈمۈتلىككەن. بۇ يىلقى ئاشلىق شۇنداق ئوخشاپتۇ. بېشى ئېگىلمىگەن بۇغداي، قوناق يوقكەن. ئالدىرغانلار ئورمىنى باشلاپتۇ. ئۇنچىلەرنىڭ ئالدى خامانغا توشۇلۇپتۇ.

ئەلى ساپا باي خاپىكەن. يەرنى بۆرۈنراق ئىگەللەپ بولغان بولسا شۇنچە ئوخشىغان ئاشلىقلار ئۇنىڭ بولاركەن. ئەمدىچۇ ؟ كېچە ئۇيقۇ يوقكەن. كۈندىزى بىئارامكەن. ئىچىنى بىرنەرسە توختىماي غاجايدىكەن. "توختا. قېنى كۆرۈپ باقاي. قانچىلىك چىدايسىلەركىن. ساڭمۇ يوق ماڭمۇ يوق قىلمىسام....."

بىر كېچىسى ئادەملىرىنى ئېۋەتىپ يېزىلىقلارنىڭ خامانغا دۆۋىلىۋەتكەن ئۇنچىلىرىگە، تېخى ئورۇلمىغان بۇغدايلىقلىرىغا ئوت قويۇپتۇ. ئوت ئۈچ كۈنگىچە كۆيۈپتۇ. يېزىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىن ئاقچاسازغىچە، ئاقچاسازدىن قاراچالىققىچە تاكى سەل دارىسىغا قەدەر ئوت كۆيۈپتۇ. بىپايان ئاناۋارزانىڭ ھەممە يېرى كۆيۈپتۇ. ئوتتىن يىلان پاقا، ھاشارەت، ئۈمۈچۈكلەر تۇلكىلەر ئىشقىلىپ جىمىكى جانلىق قېچىپتۇ.

دىخانلار مەھەللىنىڭ چېتىدە تۇرۇپ يىراقتىن ئوتنى تاماشا قىپتۇ. سۆزلەشمەپتۇ. ئاھ ئۇرماپتۇ. شۇ پېتى قاراپ تۇرۇپتۇ. ئوسمان چوڭ؛

- قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن، قورقمايمىز-دەپتۇ. بىرنەچچەيلەن؛

- قورقمىغان بىلەن قوساق تويمايدۇ. ئەمدى نىمە يەيمىز- دىيىشىپتۇ.

يەرگە باغلاپ تۇرغان ئۇمۇت كۆيۈپ كېتىپتۇ. "ئەمدى نىمىگە تارتىشىمىز، كېتەيلى" دىيىشىپتۇ. يېزىنىڭ يېرىمى نارلى قىشلاقىا يولغا چىقىپتۇ. پەرھات ئىمام ئۇلارنى توسۇۋېلىپ بىرمۇنچە ۋەزخانلىق قىپتۇ. "زۇلۇمغا قارشى تۇرماسلىق كاپىرلىق، يۇرتىنى بالىلىرىنى قوغدىماسلىق باشقا يەرگە قېچىش كاپىرلىق! زۇلۇمغا قارشى تۇرماسلىق كاپىر بىلەن ئورتاقلاشقانلىق" دەپتۇ. ھەممە نىمە دەپتۇ. "خۇدايىم بىزگىمۇ بىر ئىگە ئېۋەتىدۇ . قاراپ تۇرمايدۇ." دەپتۇ. "قۇدۇقتىن يۇسۇپنى قۇتقازغان خۇدا بىزنىمۇ قۇتقۇزىدۇ" دەپتۇ. ماڭغانلار قۇلاق سالماپتۇ. "بوپتۇ ئىمام، كاپىر بولساقمۇ تېچ بولايلى.." دىيىشىپ نارلى قىشلاقىا، سارىچامغا كېتىپتۇ......

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەن بىر چىڭقى چۈشتە يېزىنىڭ كوچىسىدا بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭىدىكەن. تۇرۇپ توختايدىكەن. ئەس-ھۇشى جايىدا ئەمەسكەن. ئۈستى-بېشى لاي، شۇنداق ھارغىن كۆرۈنىدىكەن. بىرەيلەن پەرھات ئىمامغا خەۋەر قىپتۇ؛

-يېزىدا بىر ئادەم يۈرۈيدۇ. قوراللىق، لايغا مىلەنگەن. خۇددى مەستەكلا. خەنجەر دۇربۇنلىرىمۇ باركەن.- پىشىننى ئوقۇپ بولۇپ دەم ئالغاچ ياتقان ئىمام سىرتقا چىقىپتۇ. خامانلارنىڭ كۆيدۈرىلىشى بىلىنى پۈكىۋەتكەن ئىكەن. خوشياقماستىن سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇ ئادەمگە قاراپتۇ. كۆرمىگەن ئادەمكەن. سەيپەلىنى چاقىرىپتۇ؛

- قارا، يېزىدا خېلىدىن بېرى ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ. ھەر بىر ئۆينىڭ ئىشىگىگە بارىدۇ يەنە يانىدۇ.- ئادەملەر بىرلەپ-ئىككىلەپ يىغىلىپتۇ. قوراللىقنىڭ مېڭىشىدىن، تۇرىشىدىن چارچاپ ھۇشىنىمۇ تاپالمايدىغان بولۇپ قالغان ئادەمكەن. ئىككى پۇتىنى بەدىنى سۆرەيدىكەن. بىر پەستە ئۇنى پۇتىۇن يېزىلىق ئورىۋاپتۇ. ئورۇققىنە بەدىنىگە ئېسىۋالغان قوراللىرى، چەپراس ئوقلىرى،خەنجىرى بىلەن خۇددى ئۇرۇش ئويۇنى

ئويناۋاتقان كىچىك بالىدەكلىكەن.

ئادەملەر يىغىلىپتۇ. دەرەخنىڭ ئاستىدا پات-پاراقچىلىق باشلىنىپتۇ. ئاڭلىمىغانلار ئاڭلىشىپ ئىشلىرىنى تاشلاپ كېلىپتۇ. تاكى ئوسمان چوڭ كەلگۈچە ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەپتۇ. ئۇنىڭمۇ سۆزلەشكۈدەكمۇ ھالى يوقكەن. ئوسمان چوڭ كەپتۇ. سىنچىلاپ قاراپتۇ:

- ۋاي خۇدا چۈشۈممۇ بۇ....- قولىدىن ھاسسا تايىقى چۈشۈپ كېتىپتۇ.

يائاللا ...يا رەببىم ....ھەي بالىلار قورالىقمىكەن-دەپ سوراپتۇ. يېزىلىقلار "قورالىقكەن" دەپتۇ.

ئوسمان چوڭ يۇگۈرۈپتۇ. ئاسقاقلاپ يۇگۈرۈپتۇ. بېرىپلا مەمەتنى قۇچاغلاپتۇ:

بالام يامان چاغدا كەلدىڭ. سەن كېلەتتىڭ. تاشلىمايتتىڭ. خۇداغا شۈكرى....بىزنى خاراپ قىلدى....خامانلىرىمىزنى ئاشلىقلىرىمىزنى كۆيدۈرىۋەتتى...- . بۇ چاغدا پەرھات ئىماممۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ ئىمام دىمىگەنمىدىم. مانا شۇڭقارىم كەپتۇ. بىزنى تاشلىمايدۇ. يۇسۇپنى قۇدۇقتىن چىقارغان خۇدا بىزنى تاشلىمايدۇ. .......ھەممەيلەن كەپتۇ. ئورنىۋاپتۇ. مەمەتنىڭ يۈزىدە ياكى كۆزىدە ئازراقمۇ ئىنكاس يوقكەن. ھەتتا كۆزىنى چىملداتقۇدەكمۇ ھالى يوقكەن. پەرھات ئىمام:

قارا ئوسمان. بالىدا بىر دەرت بار. ھالى خاراپكەن. كىيىملىرى تۈگىشىپتۇ....ئۇنى قويىۋەت، ئاۋال ئۇنىڭ ھالىغا يېتەيلى- دەپتۇ. ئوسمان چوڭ ھودۇقۇپ قاپتۇ. "ياخشىراق قاراڭلار. شۇڭقارىم يارىدارمىكىن. يۆلەڭلار....كۆتۈرۈۋېلىڭلار..." دەپ يول باشلاپتۇ. مەمەتنى ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ.

كۆپچىلىك ھەيرانلىقنى يوشۇرماپتۇ. مەمەتنى بىرىنچى قېتىم شۇنداق ھالەتتە كۆرگىنى ئىكەن. رىۋايەتتىكى مەمەت ئاۋاقنى دۈمچىيىپ قالغان، كىيىملىرى يىرتىق، ئاۋاق ھالەتتە كۆرۈشكەن. تەسەۋۋۇرىدىكى ھەيۋەتلىك، ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن ئادەمگە تىكىلىپ قارىسا بەدەنلەر جۇغۇلداپ كېتىدىغان قىياپىتى يوقكەن. ئاۋاقكەن.

ھەممەيلەن ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپتۇ. ئۆيىنىڭ تېمىغا، يول بويىدىكى كۆتەككە.... ئۆچرىغان نەرسىگىلا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. سۆزلەشمەپتۇ.

ئوسمان چوڭ مەمەت ئاۋاقنى ئۆزى يېشىندۇرۇپتۇ. لاي كىيىملىرىنى قەمەر ئانىغا يۇيۇشقا بېرىپتۇ. پەرھات ئىمام بىلەن ئىككىسى مەمەتنىڭ بەدىنىنى تەپسىلى تەكشۇرۇپتۇ. يوتىسىدىن ، بېقىنىدىن ئىككى ئوق يارىسىنى تېپىپتۇ. مەمەت ھېچنىمىنى تۇيمايدىكەن.

چىشلىرىنىڭ كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا بايقاپتۇ. ئۇنىڭ قانچىلىك قورقۇپ كەتكەنلىكىنى، قاتتىق قورقۇنۇچتىن شۇنداق كىيىشىپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ. قېرىلار بىرلىشىپ ئوقلارنى چىقىرىپتۇ. تىقىپ قويغان دورىلىق مەلھەملىرىنى چىقىرىپ مەھكەم تېڭىپتۇ. ھۆرى ئانا مەمەتنىڭ يۇزلىرىنى بويۇنلىرىنى، پۇت قوللىرىنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇپتۇ. ئاندىن ئورۇن سېلىپ بېرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

ئاپتاپ قىزدۇرىدىكەن. ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىگە يىغىلغانلار شۇنداق ئولتۇرىدىكەن. سۆزلەشمەيدىكەن. بىر چاغدا مۇسلۇ تەلۋە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇزۇن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلەپتۇ؛

ھەي ئەقىلسىزلەر، نىمە دىمەكچى سىلەر، سىلەر لاچىننى بىلەمسىلەر، ئۆزى كىچىككىنە. ھېچقانداق ئوۋنى قاچۇرمايدۇ. مانا ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بىر پۇتۇن ئارمىيەنى ئۆزى تار-مار قىلىپ ئالدىمىزغا تىرىك كەپتۇ. بىزنى دەپ كەپتۇ. قۇتۇلدۇرۇشقا كەپتۇ. شۇڭقارىمىز كىچىك، ئەمما قايىسى بۇركۇت ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشالايدۇ. كىم سوقۇشالايدۇ؟ نەچچە يىلدىن ئۇنى يەڭگەن بىرسىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ ۋاي ئۇمۇتسىزلەر!........

ھەممەيلەن ئاستا مىدىراپتۇ. قۇملۇقتا بوران ئۆتۇپ كەتكەندىن كېيىن قارا بۇلۇتتەك كارۋاننى كۆرگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. "راست ئەمەسمۇ....شۇ جېنى بىلەن ھۆكۇمەتكە تۇتۇق بەرمىدىغۇ...." كۇلۇشۇپتۇ. قوۋۇزلىرىنى تولدۇرۇپ كۇلۇشۇپتۇ. يىللاپ كەتكەن ماتەم بۇلۇتلىرى ئۇستىدىن كۆتۇرۇلۇپ كېتىپتۇ. يېزىلىقلار تارقىلىپتۇ. ئۆيلەردە، كوچىلاردا، دوقمۇشلاردا مەمەتنىڭ پارىڭى بولىدىكەن. ھېچكىم "مەمەت" دىمەيدىكەن. "شۇڭقارىمىز" ياكى "ئۇ" دەپ ئاتايدىكەن. ۋەقە ئاستا ئەتراپقا تاراپتۇ. كەچقۇرۇن ئاشىر ئاشىق بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ناغرىسىنى ئېتىغا ئارتىپ، سۇنايچى ئوغلىنى ئەگەشتۇرۇپ يېزىغا كەپتۇ. يېزىلىقلار ئادەتتە ياز پەسلىدە، بولۇپمۇ ياز ئاخشاملىرى ساماغا چۇشمەيدىكەن. ئۇنداق ئادەت يوقكەن. ئەمما بۇ قېتىم، تۇنجى قېتىم ھەممەيلەن ساماغا چۇشۇپتۇ.

نارلى قشلاقتا خەۋەر ماڭدۇرۇپتۇ. سارىچامغا ئەمدىلا يېتىپ بارغان كۆچ-كۆچ كارۋىنى ۋاي ۋاي يېزىسىغا قاراپ ئالدىراش قايتىپتۇ.......

ئەلى ساپا باي قايسى تەرەپتە تۇرۇشنى بىلىدىكەن. ئۇ ھۆكۈمەت ئادىمىكەن. ھۆكۈمەت تەرەپتە تۇرمىغان ئادەمنىڭ ئىشى چاتاق. بۇنى بىلىدىكەن. يەر-سۇغا ھۆكۈمەت تەرەپتە تۇرۇپمۇ ئېرىشكىلى بولىدىكەن. قاراقچى بولۇپمۇ ئېرىشكىلى بولىدىكەن. ھۆكۈمەت تەرەپتە تۇرۇپ ئېرىشكەن نەرسە خەيرلىك بولىدىكەن. قاراقچى بولسىچۇ ؟ ھەرقانچە يامان قاراقچىمۇ ئۆزىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالالمايدىكەن. ھېلقى چاكىرجالىق ئەبەي دىگەن ئوسمان ئىمپىرىيىسىنىڭ ئارمىيىسىنى ئون تۆت يىل يەڭگەن ئىدى. ئەمما ئاخىرى يەنىلا ئۆلتۈرۈلدىغۇ ؟!

ھەرقانچە بولسىمۇ يېڭىلمەس قاراقچى يوقكەن. ھەرقانچە بولسىمۇ ھۆكۈمەت يەنىلا ھۆكۈمەت بولىدىكەن. مەيلى ئوسمانىيلار ياكى بۇ تۈرك جۇمھۇرىيىتى بولسۇن ھامىنى ھۆكۈمەت. پەرقى يوق. ھامىنى يېڭىدۇ. شۇڭا قايسىلا ھۆكۈمەت بولسۇن ھۆكۈمەت تەرەپتە تۇرۇش كېرەك. ئوسمانىي ھۆكۈمىتىدىكى نۇرغۇن ھۆكۈمەت ئادەملىرى ھازىرقى ھۆكۈمەتتە يەنىلا ئىززەت بىلەن ياشاۋاتامدۇ!؟ ئىشقىلىپ خەلق تەرەپتە تۇرمىساڭلا بولدى. ھەرقانداق دەۋردە خەلق تەرەپتە تۇرساڭ دەۋر ئوخشىمىسىمۇ سېنىڭ تەغدىرىڭ ئوخشاش. ئەجىلىڭدىن بۇرۇن ئۆلىسەن.....

ئەلى ساپانىڭ ئويلىغانلىرى توغرا ئىدى. ئۇنىڭ ئوسمانىي دەۋرى ياكى بۈگۈنكى دەۋردە بولسۇن بۇرنىمۇ قانىمىدى. خەلق دىگەن يىلكى شورلۇقنىڭ تەرىپىدە تۇرمىغانلىقى ئۈچۈنلا ھەممە ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كەلدى.

سۇ ئۇخلىسا ئۇخلار، دۈشمەن ئۇخلىماس دىگەندەك ئەلى ساپا باي يېزىنىڭ قاچان بىكار بولىشنى ساقلاپ ئولتۇرىدىكەن. ئاشلىقلىرى كۆيدۈرۈلگەن دىخانلارنىڭ بېلى پۈكۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇزۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىكەن. "توختىماي قىسىش كېرەك. شۇندىلا يېزىلىق دىگەننىڭ روھى سۇنىدۇ. ۋاقت بەرسەڭ بولمايدۇ. دىخان دىگەن بەك تېز ئەسلىگە كېلىۋالىدۇ." شۇڭا كەينىدىن ئۇلاپلا يەنە بىر قېتىملىق زەربە بەرسە پۈتۈن يېزا قۇرۇقدىلىنىدىكەن. "

ئەلى ساپا يەنە بىر قېتىملىق زەربىگە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، زەينەل بىر خەۋەرنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. "نارلى قىشلاققا كەتكەنلەر قايتىپ كەپتۇ" خەۋەردىن ئەلى ساپا باينىڭ خىياللىرى قالايمىقان بولۇپ كېتىپتۇ. "بۇ قانداق گەپ، پەرھات ئىماملار كاپىر بولسەن دەپمۇ قايتۇرۇپ كېلەلمىگەن يېزىلىقلار نىمىشقا قايتىپ كېلىدۇ ؟! نىمە ئىش بولغاندۇ ؟ ....." باي زەينەلنى مىنۇت تۇرغۇزماي يېزىغا ياندۇرۇپتۇ. "نىمە ئىشلىقنى بىلىش كېرەك ؟ بۇ كىمنىڭ ئويۇنى....." مۇسلۇ تايغاندەك ئورۇق، ئىنچىكە يىگىت بولۇپ سەل دۈمچىيىپ ماڭىدىكەن. ئەخمەت چوقۇر، سۇلايمان ئۈچىسى كىچىكىدىن تەڭ ئويناپ چوڭ بولغان ئىكەن. يازلىقى مۇۋە-چىۋە، قىشلىقى توخو-كەپتەر ئوغۇرلاش دىگەندەك ئويۇن-تاماشىلار بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدىكەن. مەمەتنىڭ يېزىدا پەيدا بولىشى، ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشىغا ئايلىنىپتۇ كېچىسى تونۇر بېشىدا، كۈندۈزى ئېرىق ياقىسىدا مەمەت توغرىلىقلا پاراڭلىشىدىكەن. "كىچىككىنە بويى بىلەن-ھە.....ھۆكۈمەتنى شۇنچە يىل ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ...." پاراڭ تۈگىمەيدىكەن. مەمەت توغرىلىق سۆزلىشىش ئۇلارغا ئەڭ ھوزۇرلۇق ئىش ئىكەن. "مەمەت مۇسلۇدىن پاكار ئىكەن.....قوراللىرى ئاجايىپ...ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ" بىر-بىرىنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىشقا تىرىشىدىكەن. ھەمراھىدىن ئاشۇرۇپ سۆزلەشكە تىرىشىدىكەن. پۈتۈن ئارمىيەنىڭ ئۇنى ئىزدەۋاتقانلىقى، تۇتالمىغانلىقى، تۇتسىمۇ قولىدىن سىرغۇردەك چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى سۆزلىشىدىكەن. مەمەتنىڭ شۇنچە قورقۇمسىزلىقى، كۆپ-كۈندۈزدە يېزىغا كىرگەنلىكىگە ھەيران قالغانلىقىنى ئېيتىدىكەن.

تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ يادىغا زەينەل كەپتۇ. "توغرا، زەينەل مەمەتنىڭ خەۋىرىنى بايغا يەتكۈزىدۇ. .... ئۇ ئادەم ئەمەس. بىر پارچە نان ئۈچۈن ھەممىنى قىلىدۇ...." سۆيۈنۈش ئىچىدىكى پاراڭلارنى ئەندىشە ۋە جىددىيلىك ئىگەللەپتۇ. بىر-بىرىنى ئالدىرتىپتۇ. "زەينەلنى تېپىش كېرەك ؟ بولمىسا شۇڭقارىمىزنى تۇتۇپ بېرىدۇ....." ئۈچىسى ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. تولىمۇ جىددى قىياپەتكە كېلىپتۇ. خۇددى مۇقەددەس بىر ۋەزىپىنى تاپشۇرىۋالغاندەك قىسقا ئەمما سىرلىق سۆزلىشىپتۇ. مۇسلۇ ئۆيىگە تاپانچا تاپقىلى كېتىپتۇ. يېزىدىن چىقىدىغان يولدىكى قومۇشلۇقتا ئۇچرىششقا كېلىشىپتۇ.

كەچقۇرۇن ئۇلار مۆكۈپ تۇرغان قومۇشلۇقتىن بىرسى ئۆتۈپتۇ. چاقىرىپتۇ. زەينەلكەن. "نەگە ماڭىدىڭ ؟"

دەپ سوراپتۇ. زەينەل ئۇچەيلەننىڭ چىرايىغا قاراپلا يۈمشاق بولۇپ ئولتۇرۇپلا قاپتۇ. ھەممىنى چۈشۈنۈپتۇ. "مېنى قويۇۋېتىڭلار. ھېچكىمگە دىمەيمەن. ئۇششاق باللىرىم بار. سىلەرگە پايدام تېگىدۇ....." ئۇلار زەينەلنى يۆلەپتۇ. "قورقما.." دەپتۇ. قومۇشلۇقنىڭ ئارىسىغا ئەكىرىپتۇ. بىر تالدىن تاماكا چېكىشىپتۇ. زەينەلنىڭ قوللىرى تىترەپ تاماكىنىمۇ تۇزۇك تۇتالماپتۇ. مۇسلۇ زەينەلگە "قورقما، قورققاننىڭ پايدىسى يوق. ھەممە ئىشنىڭ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. ...." دەپتۇ. زەينەل پۈكلىشىپلا قاپتۇ. ئاسمان، يەر قومۇشلۇق ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىكەن.....توختىماي ئايلىنىدىكەن.

بىر چاغدا ئىككى پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. زەينەل ئېڭىشكەن پېتىلا پاتقاققا يۈزى بىلەن يىقىلىپتۇ. بېشىدىن شورۇلداپ ئاققان قان سۇلۇق پاتقاقنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يېيىلىپتۇ. ئەخمەت بىلەن سۇلايمانمۇ زەينەلگە ئىككى پايدىن ئوق ئېتىپتۇ.......

شۇ كېچىسى قاتتىق بوران چىقىپتۇ. يېزىنى ئۇچۇرۇپ كەتكۈدەك چىقىپتۇ. تاڭغا يېقىن ئەلى ساپا باينىڭ خامانلىرىغا، يېڭىلا توشۇپ قويغان چەشلىرىگە ئوت كېتىپتۇ. كەيندىن ئېتىزلىقلىرىغىمۇ ئوت كېتىپتۇ. ئوت دېڭىزى چايقىلىدىكەن. پۈتۈن يېزا خەلقى "ئەلى ساپانىڭ خامانلىرى كۆيۈۋاتىدۇ..." دىيىشىپ، تاملارنىڭ ئۈستىگە، تۆۋىلەرگە چىقىشىپ ئوتنى تاماشا قىلىپتۇ.........

ئوسمان چوڭ سىرتقا چىقىدىكەن. ئۆيگە كىرىدىكەن. تاپانچىسىنى بەتلەيدىكەن، يەنە بېلىگە قىستۇرىدىكەن. قەدەملىرى بەك كۈچلۈككەن:

- مانا پەرھات ئىمام. ئېيتقىنىڭ توغرا. خەققە قىلساڭ، ئۆزۈڭگە......شۇڭقارىمىنىڭ خاسىيتى...ئۇ ئۆيدە ئۇخلاپ ياتىدۇ....مەيلى ياتىۋەرسۇن..قىيامەتكىچە شۇنداق ياتسىمۇ مەيلى....يېزىمىزدىن يوقاپ كەتمىسىلا بولدى.....شۇ يېتىدۇ...ھەممىگە يېتىدۇ.....يېزىلىق دىگەن شۇنداق قورقۇنچاق كېلىدۇ. ئەمما يولنىدىغان ئازراق نىمە تېپىۋالسۇن. بۇغداينىڭ غولىچە بولسىمۇ مەيلى....يۆلىنىدىغان نەرسە تېپىۋالسىلا...ۋەھشىلىشىدۇ. يانمايدۇ......

چۈشكە يېقىن يېزىغا يېڭى بىر خەۋەر كەپتۇ. كېچە ئەلى ساپا باينىڭ يېزىدىكى سارايلىرى ئوققا تۇتۇلۇپتۇ. قوتاندا قانچىلىك ئېتى بولسا ھەممىنى ئوغۇرلاپ كېتىپتۇ.

ئەلى ساپا باينىڭ يىغلىغىنىنى ھېچكىم كۆرمەپتىكەن. مەلىخە خېنىممۇ كۆرمەپتىكەن. شۆلگىيىنى، ياشلىرىنى ئېقىتىپ يىغلاپتۇ:

مەن نىمە قىلدىم....ھە ؟!...مېنىڭ گۇناھىم نىمە.....شۇ بىر پارچە يەر ئۇچۈن مۇشۇ كۈننى سالامدۇ...ئۇلار ئادەممۇ....خەپ!....كۆرستىمەن. جېنىمنى تىكتىم...كۆرستىمەن.....

ئەلى ساپا باي قۇتراپ كېتىپتۇ. مىكىجىننى تارتقۇزۇپ قويىغان تۇڭگۇزدەك بولۇپ قاپتۇ. "توختا....بۇلارغا نىمە بولدى؟ قانداق كۈچ بىلەن خامانلىرىمغا ئوت قويالىدى ؟...ئۇلارغا تىرەك بولغان زادى كىم ؟...."

مەيدىسىنى تاتىلاپ يىرتۇەتكۈدەك جىلى بوپتۇ. تاپالماپتۇ. "پەرھات ئىماممۇ ؟......توغرا سۇرۇشتۇرۇش كېرەك...قان قۇستۇرۇش كېرەك" زەينەلنى چاقارتىپتۇ. بىراق ئىككى كۈندىن بۇيان زەينەل ھېچيەردە يوقكەن.

ئەلى ساپا باي شەھەرگە مېڭىپتۇ. مېڭىشتىن بۇرۇن ئادەملىرىنى تولۇق قورالالاندۇرۇپتۇ. ئادەملىرى ئۈستى-بېشىغا ئارتىلغان قورال-ئوقلارنى ئاران كۆتۈرىدىكەن. داچىسىنى مەھكەم قوغداشنى تاپىلاپتۇ.

ئۆزى شەھەرگە مېڭىپتۇ. شەھەردە بۇ ۋەقە پۈر كەتكەن ئىكەن. چايخانە، موزدۇزخانە، دوقمۇشلارغىچە ئىككى ئادەم يىغىلغان بولسىلا مۇشۇ گەپكەن.

شەھەرلىكلەر سالقىن كېلىدىكەن. مەسىلىلەرنى بىرىلىپ مۇلاھىزە قىلىدىكەن. ئەمما ئىككىلا تەرەپتە تۇرمايدىكەن. مۇھەببەت ياكى نەپرىتىنى بىلگىلى بولمايدىكەن. شەھەردە شۇنداق سۆزلەر ئېقىپ يۈرۈيدىكەن. بۇ چوقۇم مەمەت ئاۋاق دەيدىكەن. "....يېقىندا مەمەت ئاۋاق پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ چوقۇم ھەمزەنى ئۆلتۈرگىلى قايتىپ كەلگەن گەپ.... بۇنداق ئىشنى ئەشۇلا قىلالايدۇ....." ئەلى ساپا باي قاراقچى مەمەت ئاۋاقنى بىلىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئويلىماپتىكەن. ئۇنىڭ مەمەت بىلەن ئاداۋىتى بولمىسا نىمىشقا ئۇنداق بولىدىكەن. مەمەت قىلسا ھەمزەنى قىلمامدۇ ؟

ھاكىم بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ۋالى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ:

- يەرلىرىمنى تارتىۋالدى. ھاكىمىيەتكە تەھدىد سېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئارمىيە نىمە ئىش قىلىدۇ. تۈركىيە قانۇنى ئىشلىمەيدۇ.....تۈرك جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىزگە ئوخشاش تىرەكلىرىنى ئۆرۈشكە ھەركەت

قىلىۋاتىدۇ....

شەھەرلىكلەر ئەپسۇسلىنىدىكەن. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىچىنىدىكەن. بىراق بۇ پوقنى تۈتۈپ قويسا قولىغا چاپلىشىپ قېلىشتىن، ئۆزىنىڭ ئاۋارىچىلىققا قېلىشىدىن قورقىدىكەن. ئاخىرقى يامان كۈنلەر ئۈچۈن بايلىق توپلاۋاتقان ئادەملەر ۋاقتىنى زايە قىلىشنى خالىمايدىكەن.

بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلىرى، ھۆكۈمىتىنىڭ كەلگۈسىگە ئىشەنمەيدىكەن. ئىشەنگەن بولسا بايلىق يىغماسكەندۇق. ئىشەنمىگەچكە ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاش كېرەككەن. مال-دۇنيا يامان كۈنلەردە لازىم بولىدىكەن. شۇڭا سۇ كەلمەستىن بۇرۇن توغان سېلىشقا تىرىشىدىكەن. مەرىكىز ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانلىرىنى جان-دىل بىلەن ئىجرا قىلمايدىكەن. سۇسلۇق قىلىدىكەن. كۆز ئۆتكۈزىدىكەن. باشقا ئىشقا كاللىسىنى چاچماي بايلىق توپلايدىكەن. شۇڭا ھاجەتمەنگە ئىمزىگە سېلىپ قويىدىكەن. " بىز تەكشۈرەيلى........"

ئەلى ساپا باي خامانلىرى كۆيگەندىن بەكرەك تولغىنىپ كېتىپتۇ. ھۆكۈمەت ئادەملىرىدىكى بىپەرۋالىق، جېنىدىن ئۆتۈپ دۇمبىسىدە توختاپتۇ. ئەمەليەتتە ھازىرغا قەدەر ئەمەلدارلاردىكى بىپەرۋالىقنىڭ سەۋەبىدىن ئۇنىڭ قىلغانلىرى ئوڭۇشلۇق بولغان ئىكەن. ئەمدى شۇ بىپەرۋا ئەمەلدارلار، ئۇنىڭ مەنپەئەتىگە كەلگەندىمۇ بىپەرۋالىق قىپتۇ:

- مۇشۇمۇ ھۆكۈمەت بولدىمۇ ؟ پاشاسى بىلەن مىللەت ۋەكىلى ئۆزىچە ھۆكۈمەت قۇردۇق دەپ كېرىلەمدىكەن. بۇنداق ھۆكۈمەتنى بىزنىڭ مەھەلدىكى كىچىك باللارمۇ قۇرىدۇ. بۇنداق دۆلەت سورىغىچە ئىززىتى بىلەن ئورۇننى بوشاتسا بولمامدۇ؟ ئەنقەرەنى دىخانلار ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى ئۆزى كۆزگە ئىلمايدۇ. مۇشۇلار ئۆرىدۇ. ئەنقەرەدىكىلەر ئاندىغەي-ماندىغەي دەپ سۆزلەشىنلا بىلىدۇ . قولىدىن ئۆزىنىڭ ئىشتىنىنى يۆلەشمۇ كەلمەيدۇ. كۆسۈككە كىرگەن ئىتتەك قاۋاشنى بىلىدۇ..........

ئەلى ساپا باي يېزىدىن بىرنەچچە ئادىمنى چاقرىپ كەپتۇ. ئەڭ سۆزمەنلىرىنى چاقارتىپتۇ. ئۇلارغا شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا قانداق سۆزلەرنى تارقىتىشنى ئۆگىتۈپتۇ. ئاندىن ھەممىسى ھەر تەرەپكە

تارقاپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ شەھەردە ئەلى ساپا باينىڭ مېھرىبانلىقى زىكرى قىلىنىشقا باشلاپتۇ. ۋاي ۋاي ئەكسىلئىنقىلاپچىلىرىنىڭ زۇلۇملىرى، رادىكال دىنىي ئۇنسۇرلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى سۆزلىنىشكە باشلاپتۇ. "....ئەلى ساپا باي يېزىلىقلىرى ئاغرىپ قالسىمۇ چىدىمايدىكەن. شەھەردىن، ئەگەر تېپىلمىسا ئادانادىن بولسىمۇ ئۇستا دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلىدىكەن. يېزىلىقنى، قېرىنداشنى چوقۇم داۋالاشنى ئۆتۈنىدىكەن. ئۇلار بىلەن ھەپنەپەسكەن. تەغدىرداشكەن..... مەلىخە خېنىم تاماق ئەتسە ئالدى بىلەن يېزىدىكى چوڭلارنى ئۆيىگە چاقىرىپ تاماقنى ئالدىغا قويىدىكەن. ئالدى بىلەن شۇلارنىڭ يېيىشنى ئۆتۈنىدىكەن......بەزىلەر ئەلى ساپاغا سەن دىخان دىگەنگە بۇنچىلىك قىلىپ كەتمە....بولمىسا بېشىڭغا چىقىدۇ... دەپتۇ. ئەلى ساپا باي قۇلاق سالماپتۇ. قانداقمۇ قۇلاق سالسۇن. ئۇلارنى قېرىنداشىدىن ئارتۇق كۆرىدىغان تۇرسا ..... بىراق ، يېزىلىق يەنىلا يېزىلىقلىقنى قېپتۇ. بىر كۈنى ھەممە دىخان يوپۇرلۇپ كەپتۇ. ئەلى ساپا باينىڭ ساراي-داچىلىرىنى ئوققا تۇتۇپتۇ....بىر نەچچە ئادىمىنى تۇتىۋېلىپ دەرەخقە ئېسىپتۇ. باللىرىنى، خوتۇنلىرىنى قارىتىپ تۇرۇپ تىرىك سويىۋېتىپتۇ. ........يېزىنىڭ ئىمامى بولىۋالغان تېگى نامەلۇم بىر موللام ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىكەن. دىنىي ئەسەبىيلىكتە ئۇچىغا چىققان ئىكەن..............."

شەھەرنىڭ كۆتىنگە يېقىلغان ئوت ئاستا تۇتىشىپتۇ. شەھەر قايناشقا باشلاپتۇ.....ئەلى ساپا باينىڭ ئۇچرىغان زۇلۇملىرى شەھەرلىكلەرنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. فېئودالىزىم دەۋرى ئەمەس، جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىمۇ بۇنداق زۇلۇملارغا ئۇچرىسا قانداق بولىدۇ ؟ يېزىلىق دىگەن قارا قوساققا ، دىخان دىگەن ساۋاتسىزغا قىلغان ئادىمەتچىلىكى ئۇچۇن تارتقان ئازاپلىرىغا ھېسداشلىق قېپتۇ. ئەلى ساپا باينىڭ ئۇچرىغان زۇلۇملىرى شەھەرلىكلەرنى قايغۇغا ساپتۇ. ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان مىڭلىغان خەلقلەر ھەققانىيەتنى ياقلىماقچى بوپتۇ. يۈز بېششىنىڭ خوتۇنىمۇ ئاڭلاپتۇ. ھاكىمنىڭ خوتۇنىمۇ ئاڭلاپتۇ. ئېرىگە دەپتۇ. شەھەر كوچىسىدا لىقمۇ-لىق ئېقىۋاتقان ھېسداشلىقنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ۋالىمۇ ئاڭلاپتۇ. كوچىدا ئېقىۋاتقان بۇ ھېسداشلىققا قۇلاق سالمىسا بولمايدىكەن. تەدبىر كۆرۈپ ھېسداشلىق دەرياسىنىڭ يار

ئېلىپ كېتىشىدىن ساقلانمىسا بولمايدىكەن. جەمىيەت كەيپىياتى ئەڭ زور سىياسى بېسىمكەن. مۇھىم يېرى، بۇ ئىشقا بىر موللام باشلىقكەن. بۇ تېپىلماس پۇرسەتكەن. ئەنقەرە موللاملارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارلاشقانلىقىنى بىلىپلا قالسا، چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن ۋاقتىدا ئۇجۇقتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىكەن. شۇڭا يەرلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن ئۆلكىنى چىرىكلىك قاپلاپ كەتسىمۇ سۈرۈشتۈرمەيدىكەن. ئەمما مولاملارنىڭ ئادەتتىكىدەك يۆتىلىپ قويىشىنىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ تۇرىدىكەن. موللىلار ئادەتتە مەخسەتسىز يۆتەلمەيدىكەن. شۇڭا سەزگۈرلىكنى ئاشۇرۇش كېرەككەن. بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ۋاقىتتا بىر موللىنىڭ جىنايىتىنى بايقىغان ئادەم ھىساپسىز تۆھپىگە ئېرىشىدىغان تۇرسا، كىم بۇ تۆھپە-مۇكاپاتقا قىزىقمايدۇ دەيسىز .

ئەلى ساپا باينىڭ نالىسى ھۆكۈمەتنى تەسرلەندۇرۇپتۇ. بىر پۈقرا بولۇش سالاھىيتى بىلەن قانۇنغا مۇراجەت قىلغاچقا ھۆكۈمەت دەردىگە يېتىپتۇ. قانۇن بىلەن سىياسىنىڭ ئەركە بالىسى بولۇۋالغان ۋالى، سوت باشلىقىغا بۇيرۇق قىپتۇ. شەھەردىكى مۇنەۋۋەر توقۇمچى سانىلىدىغان سوت باشلىقى بۇ ئىككەيلەنگە "ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىدىن زەينەل قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرگەن، تېرورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇقرالارنى ئۇققا تۇتقان...." دىگەن جىنايەتنى توقۇپ بېرىپتۇ. تۆھپىسىراپ غالجىرلىشىپ كەتكەن ساقچىلار، ھۆكۈم بويىچە يېزىغا بېرىپ رادىكال دىنى ئۇنسۇر پەرھات موللام بىلەن قىزىلپاچاق(كومنىست) يوباز ئوغلى ھەسەننى قولغا ئاپتۇ. پەرھات موللامنى ساقچىلار ئېلىپ ماڭغاندا يېزىلىقلىرىغا:

ئەھۋالدىن قارىغاندا كېلەلمەيدىغان ئوخشايمەن. ئادەم ئۆلتۈرۈش يامان ئىش. بۇنى ھەممىمىز بىلىمىز. مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم. سىلەر ماڭا ئىشىنىسىلەر. ئەمما ھۆكۈمەت ئىشەنمەيدۇ. ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ھۆكۈمەت ماڭا ئىشىنەمدۇ...... مېنى دارغا ئاسىدۇ. گۇناھىم نىمە !؟ سىلەرگە ئىمامەتچىلىك قىلىپ نامازغا باشلىدىم. بۇلاڭچىلىققا، كەيپى-ساپاغا باشلىمىدىم.......باللىرىم سىلەرگە ئامەنەت قالدى. قالغىنىنى خۇداغا تاپشۇردۇم....قانداقلا بولمىسۇن مۇشۇ كونگىچە قېرىنداش بوپ ئۆتتۇق، مەندىن رازى بولۇڭلار- دەپتۇ. قاپ-قارا كۆزلىرىگە ياش تۆشۈپتۇ. ئېقىپ چۈشمەپتۇ. يېزىلىقلار "خۇدايىمغا ئامانەت

موللام. سەنمۇ بىزدىن رازى بول. بىز سەندىن مىڭ مەررە رازى" دېيىشىپتۇ......

ئەتىسى چۈش ۋاقتىدا ئۇلارنى ناھىيەگە ئېلىپ كەپتۇ. پەرھات موللامنىڭ ھېلىقى چىرايلىق كۆزلىرى كۆكۈرۈپ كەتكەن ئىكەن. ئىشىپ كەتكەن يۈزلىرىمۇ كۆپ-كۆك ئىكەن. ئىڭەكلىرى بىلەن ئېقىپ چۈشكەن قان، قاپ-قارا ساقىلىنىڭ ئۈچىدا قېتىپ قالغان ئىكەن. پۇتى يالىڭاياق، ئاياقلىرى نەلەردە چۈشۈپ قالدىكىن، پاقالچاقلىرىدىنمۇ قان سىرغىپ تۇرىدىكەن. چىرايىدىن ھېچنىمنى بىلگىلى بولمايدىكەن. لەۋلىرى ئاران قىمىرلاپ تۇرىدىكەن، ئېھتىمال دۇئا ئوقۇۋاتقان بولسا كېرەك. يوباز ئوغلىنىڭ ئەھۋالى موللامنىڭكىدىنمۇ يامانكەن. بىر پارچە قان دۆۋىسىگە ئوخشاشكەن.

شەھەرگە كىرگۈچە ئىككىسىنىڭ بوينىغا قارا ئاغامچىنى باغلاپتۇ. يولنىڭ ئىككى قاسنىغىدا قوللىرىغا سېپىسىق تۇخۇم ، تاۋۇز-قوغۇن شاپاقلىرىنى، سېسىسق شوخلىلانى، تاش-داشگاللارنى كۆتۈرۈۋالغان خەلق ئاممىسى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. پەرھات موللامىلارنى خەلق مەيدانىنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. ناھىيىلىك تەشۋىقاتنىڭ سۆزمەن ناتىقى ئەخمەت ئالدى بىلەن خەلىق ئاممىسىغا نۇتۇق سۆزلەپتۇ. ۋەھشىلىك، ئىنسانىيەتكە يات قىلمىشلار، تېرورلىقنىڭ زىيانلىرى، ئەخلاقسىزلىق، قان تۆكۈشتەك ئادەمگەرچىلىككە زىت جىنايەتلەرنى سۆزلەپتۇ. شۇنداق تەسىرلىك سۆزلەپتۇ. ئاڭلىغانلارنىڭ غەزىپ-نەپرىتى پەلەككە يېتىپتۇ. ئۇلارنى قويۇۋەتسە موللام بىلەن ئىككەيلەننى، بۇلارغا ئوخشاش ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمەنلىرىنى چاينىۋەتسىمۇ دەردى چىقمىغۇدەك غەزەپلىنىپتۇ. ئەخمەتنىڭ نۇتىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن موللام بىلەن يوباز ئوغلىنى كوچا ئايلاندۇرۇپتۇ. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى شەھەر خەلقى قوللىرىدىكى سېسىسق نەرسىلەرنى، تاش-داشگاللارنى بۇ ئىككى قانخور جىنايەتچىگە ئېتىپتۇ. توختىماي ئېتىپتۇ. تەككۈزىۋالسا ئەرەپاتتا شەيتانغا تاش ئاتقاندىنمۇ بەكرەك ھاياجانلىنىپتۇ.

پەرھات موللام ئالدىدا ، يوباز ئوغلى كەينىدە ماڭىدىكەن. مەسچىتكە كېتىۋاتقاندەك ئىلگىرى-كېيىن بولۇشۇپ ماڭىدىكەن. ھېچنىمنى سەزمەيدىكەن، غەزەپلەنگەن قۇدرەتلىك خەلقنىڭ قەھرۇ-غەزىۋىنى كۆرمەيدىكەن. خەلق ئاممىسىنىڭ تىل-ھاقارەتلىرى قۇلاقلىرىغا كىرمەيدىكەن. ساقچىلار بوينىغا قارا

ئاغامچا سىلىنغان ئىككى جىنايەتچىنى ناھىيىنىڭ ھەممە كوچىسىدا سۆرەپ يۈرۈپ ئايلاندۇرۇپتۇ. كەينىدە يۈزلەرچە ئاخما تىللايدىكەن، ئامال قىلىپ ئۇرىۋېلىشقا، دۈمبىسىگە تېپىۋېلىشقا تىرىشىدىكەن. تۈرمىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىككەيلەننى ئايرىم كامىرلارغا تاشلاپ قويۇپتۇ.....

ھۆكۈمەت ئىگىسىنى تاپالمىسا ئىقتىدارسىزلىشىدۇ. ئىقتىدارسىز ھۆكۈمەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە، ئەشۇ ھۆكۈمەتنى ئىقتىدارسىز قىلغان ئەمەلدارلار ئۇچرىمايدۇ. ئۇلار خالىغان يەرگە چىچىپ قويۇپ قوڭنى سۈرتىۋېتىپلا قوپۇپ كېتىدۇ. بۇ دەۋرنىڭ زىيانكەشلىكى، پەرھات موللام ۋە يوباز ئوغلىغا ئوخشاش ئاددى تۈرمۇش تەلىۋى بىلەن ياشاۋاتقان ئادەملەرگە بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار بۇنداق دەۋرگە ياق ! دېيىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. ئاددى بىر ئادەمدىن دەۋرنىڭ ئاۋانگارتى بولۇشقا قىستاپ قويۇلىدۇ.

شۇ ئاخشىمى ئەلى ساپا باي شەھەردىكى ئەڭ ياخشى رېستوراندا ناھىيىنىڭ ھەربى ۋە مەمۇرى كاتتىلىرىغا ھاراق زىياپىتى بېرىپتۇ. زىياپەتتە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمىتىگە تەنتەنە قىلىنىپ قەدەھلەر سوقۇشتۇرۇلۇپتۇ..............

مەمەت ئوسمان چوڭنىڭ ئۆيىدە ئاستا-ئاستا ئېسىگە كەپتۇ. قېتىپ كەتكەن چىرايلىرىغا قان يۈگۈرۈپتۇ. كۆزىنى ئاچقىنىچە كۈنلەپ ياتىدىكەن. كېچىسىمۇ شۇنداق ياتىدىكەن. ئۇنىڭ قاچان ئۇخلاپ، قاچان ئويغىنىۋاتقانلىقىنى قەمەر ئانىمۇ بىلەلمەيدىكەن. كېيىنچە مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا، تەرەت قىلىش ئۈچۈن ئېغىلغا ئۆزى كىرىدىغان بوپتۇ. قەمەر ئانا يېنىدا بولىۋاتقان ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىدىكەن. يېپتىن يىڭنىسىگە قەدەر سۆزلەيدىكەن. مەمەت ئولتۇرۇپ ئاڭلايدىكەن. ئەمما بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمايدىكەن. ئەلى ساپا باينىڭ سارايلىرىنى، خامانلىرىنى كىملەرنىڭدۇ كۆيدۈرىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندە مەممەتنىڭ يۈزلىرى دەسلەپ قىزىرىپ كېتىپتۇ. كۆزلىرى چاقناپ كېتىپتۇ. كەينىدىن قىزارغان يۈزلىرى ئاستا-ئاستا سارغىيىپ كېتىپتۇ. قەمەر ئانا ئۇنىڭغا قاراپ ئەنسىرەپ قاپتۇ. شۇ كېچىسى مەمەت ئۇخلىماپتۇ. ئۇ ياتقان ئۆيدىن ئېغىر تارتقان ئۇھلار تاڭ ئاتقىچە توختىماپتۇ. ئەتىسى مەمەت چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئوسمان چوڭدىن:

تاغا، نىمە ئۈچۈن ئابدىلارنى ئۆلتۈرسەك كەينىدىن ھەمزەلەر كېلىۋېرىدۇ ، ئۇلار تۈگىمەمدۇ ؟- دەپ

سوراپتۇ. ئوسمان چوڭ بۇنداق سوئالنى ئاڭلاپ باقماپتىكەن:

بالام بۇنىڭ سىنىڭغا نىمە لازىمنى بار ؟ ئادەم دىگەننى ئۆلتۈرۈپ تۇگەتكىلى بولمايدۇدە دەپتۇ.

-تاغا، مەن نۇرغۇن ئويلاندىم. ئۇچرىغاندىن سوراپمۇ باقتىم. ئابدىنى ئۆلتۈردۇم. يېزىلىقلار بىر كۈن بولسىمۇ ياخشى كۈن كۆرسۇن دىگەنتىم. ئەمما كەيىندىن ھەمزە پەيدا بولدى. دەگىرمەن ئولۇكتىكىلەر بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك يامان كۈنگە قالدى. مىنىڭ تاغمۇ-تاغ قىچىپ يۇرۇشۇم، جىنىمنى ئالقانىغا ئالغانلىرىمنىڭ ھىچ بىر پايدىسى بولمىدى...ھازىر پۈتۈن يېزا سەكرات ئىچىدە ياتىدۇ. ھەمزەنىمۇ ئۆلتۈرۈشنى ئويلىدىم. ئەمما ئۇنىڭدىن كىيىنچۇ ؟! ھەمزەدىنمۇ يامان بىرسى پەيدا بولماسمۇ ؟ يېزىلىقلار تېخىمۇ ئازاپقا پاتماسمۇ ؟! ......- ئوسمان چوڭ دەسلەپ ئۈندىمەپتۇ. كىيىن "بالام مەن بۇنداق چوڭ ئىشلارنى چۈشەنمەيدىكەنمەن. بىلىدىغىنىم ئابدى ئۆلدى نىمە؟ ھەمزە ئۆلدى نىمە ؟ ھەممىسى ئوخشاش. بۇنى پەرھات موللام بىلەمدىكىن ؟"

دەپتۇ.

قارىغاندا مەمەت ئاۋاقنىڭ ھىساپسىز ئارزۇلىرى، غايىۋى جەننىتى كۇمپەيكۇم بولۇپ كەتمەپتۇ. ئەمما كىچىككىنە قاپتۇ. تا بۈگۈنگە قەدەر ئۆزىنىڭ باھاسىنى قىممەترەك ھېس قىلغانلىقىغا ئۆكۈنۈپتۇ. ئۇ "ئابدىنى ئۆلتۈرسەم يېزىلىقلار ئۇچۇن ھېچكىم قىلىپ بېرەلمىگەن ئىشنى قىلىپ بەرگەن بولىمەن" دەپ ئويلاپتىكەن. ئەمما ئۇنداق بولماپتۇ. تېخىمۇ يامان كۈنگە قويۇپتۇ. "......نىمىدىگەن كاج تەلەي بۇ، شۇنچىۋالا ئەجىر-مېھنەت نىمگە تەڭ بولدى !؟؟.....ئانىسىنىڭ، خەدىچەنىڭ ئۆلىمى.....ئۆزىنىڭ ھەر مىنۇت ئۆلۇم پۇراپ ياشىغانلىرى، ئۇننەچچە قېتىم ياردار بولغىنى......نەچچە يىلدىن بۇيان تاغمۇ-تاغ، سايمۇ-ساي قېچىپ ياشىغنى...بىر قېتىممۇ ئارامخۇدا ئۇخلاپ باقمىغنى....نىمگە تەڭ بولدى !!!؟....."

مەمەت كىچىنىڭ قاراڭغۇسىدا شۇنداق ئويلار بىلەن ياتىدىكەن. دەگىرمەن ئولۇكتىكىلەر ئۇنىڭ ئۆلمىنى خالايدىكەن. ئەمما ۋاي ۋايلىقلار بىلەن ئوسمان چوڭ بۇنى خالمايدىكەن. ھەتتا ياخشى كۆرىدىكەن. بىراق قاچانغىچە ياخشى كۆرىدۇ؟!

ھازىر ۋاي ۋاي يېزىسىدىكىلەر مەمەت يېزىسىدا بولغاچقا ئەلى ساپا بىلەن قارشىلىشىۋېتىپتۇ. مەمەت ئاخىرىنى بىلىدىكەن . بۇ قارشىلىقنىڭ كەينى ھامان ئەلى ساپانىڭ غەلبىسى ئىكەن. ئەگەر مەمەت ئەلى ساپانى ئۆلتۈرۈۋەتسىچۇ !؟ ئۇ چاغدا ئابدىنىڭ ئورنىغا ھەمزە كەلگەندەك ئەلى ساپادىنمۇ يامان بىرى كېلىدىكەن. ۋاي ۋاي يېزىسىدىكىلەر بۇنى بىلمەيدىكەن. پەقەت مەمەتنىڭ ئەلى ساپانى ئۆلتۈرۈۋېتىشىنى ئۈمۈت قىلىدىكەن. "ئەلى ساپا باي ئۆلسە ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ" دەپ ئويلايدىكەن. ئەمما ئابدى ئاغا ئۆلگەن بىلەن دەگىرمەن ئولۇكتىكىلەرنىڭ ئىشلىرى ياخشى بولۇپ كەتمىدىغۇ ؟ ۋاي ۋايلىقلار بۇنىڭدىنمۇ يامان كۈنگە بارغاندا ئاندىن ئەلى ساپانىڭ قەدرىگە يېتىدىكەن. شۇ چاغدا مەمەتنى قاغايدىكەن...... ;

ئېغىر ئۇھ! تارتىش بىلەن ئىچىنى قىستاۋاتقان ھەسرەتتىن قۇتۇلماقچى بولۇپتۇ. ھەر كېچىسى مىڭلارچە ئۇھ! تارتىدىكەن. ھەر ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرغاندا ياستۇقىنىڭ ياش بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدىكەن............

پەرھات موللاملار قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئوسمان چوڭ ۋە يېزىلىقلارنىڭ ئۈمۈدى ۋەيرانچىلىققا يۈزلىنىپتۇ. ئەلى ساپانىڭ خامانلىرىنى كۆيدۈرۈشلەر، سارايلىرىنى ئوققا تۇتۇشلار ئۇنى توختىتالماپتۇ. قىلىدىغىنىنى يەنىلا قىپتۇ. بىر قەدەم چېكىنمەپتۇ. يېزىلىقلارنىڭ نەزىرىدە مەمەت ئاۋاق بۇ ئىشلارنى بىلمەيدىغاندەك جىمجىت ياتىدىكەن. يېزىلىقلارنىڭ يەيدىغىنى تۈگەپتۇ. مەمەت يېزىلىقلارنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىنى كۆرمىگەندەك ياتىدىكەن. قەمەر ئانىنىڭ نەلەردىندۇ تېپىپ قىلىپ بەرگەن تاماقلىرىنى يەپ، مۈزدەك ئۇسسۇلۇقلىرىنى ئىچىپ ياتىۋېرىدىكەن.

ئوسمان چوڭ يېتىپ قاپتۇ. مەمەت يېزىغا كەلمىگەن چاغدىكىدەك ماغدۇرسىزلىق، ئۈمۈتسىزلىك ئۇنىڭغا يەنە چاپلىشىپتۇ. كۆزىنىمۇ ئاچمايدىكەن. بىر ئۆيدە مەمەت ئاۋاق يەنە بىر ئۆيدە ئوسمان چوڭ ياتىدىكەن. ھەر ئىككىسىلا ئۇھ! تارتىدىكەن......

ئەلى ساپا باي ئۆزىنىڭ ھامىنى يېڭىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. يېزىلىقلارنى قەدەممۇ-قەدەم قىستاپ كەپتۇ. ئوڭۇشلۇق بولۇۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ چىقىش يولى بىرلا يولكەن. ئۇ بولسىمۇ كۆچۈش !

يەيدىغىنى يوقالغان يېزىلىقلارنىڭ ئىچىدىغىنى بار ئىكەن. ئەلى ساپا باي بۇنىمۇ ئۇزىنىۋېتىش ئارقىلىق مەسلىنى ئۇزۇل-كېسىل ھەل قىلماقچى بوپتۇ. بەش يېزىغا كېلىۋاتقان سۇنى توختىتىۋېتىپتۇ. سۇ ئامبىرنى باشقۇرىدىغان پۇشمان ئوغلى ئۇنىڭ يېقىنىكەن. ئەلى ساپا باينىڭ يەر ئۇچۇن قىلىۋاتقان كۇرەشلىرىگە ياردەم بېرىپتۇ. سۇنى توختاتسا ئەلى ساپانىڭ يەرلىرىمۇ سۇ ئىچەلمەيدىكەن. مەيلى بىر يىلغا نىمە بولاتتى. ئازراق بەدەل تۆلىسۇن.

سۇنى توختاتقاندىن كېيىن ئۆستەڭدە بىر تېمىممۇ سۇ قالماپتۇ. تېگىدىن تاش-قۇملۇق تۇپراقلىق يېزىدا ئېلگىرى قۇدۇق كولىماپتىكەن. ئەمدىلىكتە ئىچىدىغان سۇ ئۇچۇن كولىغان قۇدۇقلار ئىككى مېتىر كولىمايلا گۇمۇرلۇپ چۈشۈپتۇ.

بىر ھەپتىگە بارماي يېزىلىقلارنىڭ ھەممە سۈيى پاك-پاكىز تۈگەپتۇ. سازلىقلاردىكى سۇلارمۇ قالماپتۇ. ئالدى بىلەن ئېتىزلار كەينىدىن ئوتلاق ۋە سازلىقلار يېرىلىشقا باشلاپتۇ. قەدىمدىن بۇيان توختىماي كېلىۋاتقان سۇ بىلەنلا كۆكىرىۋاتقان يېزا سۇ توختاش بىلەن تېزلا جېنىدىن ئايرىلىشقا باشلاپتۇ.

بەش يېزىنىڭ ئادەملىرى ھاكىمغا ۋەكىل ئېۋەتىپتۇ. ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ. ھاكىم:

مەن قانداق قىلاي، سىلەر ئۇچۇن قايغۇرىۋاتىمەن. بىراق پۇشمان ئوغلى مۇستاپا باي شال تېرىپتۇ. بۇ شاللىق دۆلەت بايلىغى تۇرسا، قۇرۇتۇپ قويۇشقا بولمايدۇدە .- دەپتۇ.

دىخانلارغا يېزىسدا يېتىپ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈش ياكى كۆچۈشتىن ئىبارەت ئىككىلا يول قاپتۇ.

مەمەت ئاۋاقنىڭ ھەسرىتى كۈچىيىپتۇ. قۇرۇپ كېتىۋاتقان يېزىغا قاراپ "بۇ ئادەملەرگە بالا بولدۇم. ئاخىرى بالا بولدۇم" دەپ توختىماي قىينىلىدىكەن. يېزىدا سۇ قىينچىلىقى بولغاچقا مەمەتنى خېلىلىنىڭ ئېتىزلىقتىكى قوغۇنلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇ يەردە سۇدىن قىينىلىپ كەتمەيدىكەن. قانداقلا بولمىسۇن سىرغىغان سۇلار بىلەن ئىككى ئادەم ئۇسسۇزلۇقنى كەڭتاشا باسالايدىكەن. -

دىخانلار مەمەتتىن، ئوسمان چوڭدىن رەنجىشكە باشلاپتۇ؛

- قېنى بىزنىڭ شۇڭقارىمىز ؟

ئىسمىنى ئاڭلاپ سارىچامدىن قايتىپ كەلگەنتۇق، ئۇمۇدىمىز شۇمىتتى.....

قۇرۇپ كەتكۈر ئۇمۇت. مالدىن ئايرىدى.....ئەمدى جېنىمىزغا كەلدى......

پەرھات موللاملارمۇ چىرىپ ياتىدۇ....ئەشۇنىڭ كاساپىتىدىن.......بىچارىلەر....

بۇ گەپلەر ئوسمان چوڭنىڭ، قەمەر ئانىنىڭ قۇلاقلىرىغا كىرىپ تۇرىدىكەن. نىمە قىلالىسۇن. ئىچلىرى ئارداپ كېتىدىكەن. قەمەر ئانىمۇ مەمەتكە بىلدۇرمەسلىككە تىرىشىدىكەن. ئەمما قالغان كۆڭۈلنى تاشمۇ سېزىدىغان يەردە مەمەت سەزمەسمۇ ؟ دىمەك، قەمەر ئانىسى ئىلگىرىكىدەك سۆيۈۋقئاش ئەتكەندە سامساق، كۆكتاتلارنى ئازراقتىن چاناپ سېلىشۋېتمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.......

بىر كۈنى ئەتتىگەندە تۆۋەن تەرەپتىكى يېزىلاردىن بىر توپ ئادەم شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار قايسى يېزىدىن ئۆتسە شۇ يېزىنىڭ ئادەملىرىمۇ قوشۇلۇپتۇ. ئەر-ئايال، بالا-چاقا، قېرى-ياش، ساق-چولاق ھەممىسى بىر توپ بولۇپ ئۆستەڭ ياقىلاپ شەھەرگە مېڭىپتۇ. ۋاي ۋايلىقلارمۇ قوشۇلۇپتۇ. بەش يېزىنىڭ ئادىمى قويۇق چاڭ-توزاڭلارنى ئۆرلىتىپ سۆزلەشمەي ماڭىدىكەن. يىراقتىن يەر بىلەن ئاسمان ئوتتۇرىسىدا بىر پارچە تۇمان شەھەرگە قاراپ ئاقىدىكەن.

شەھەرلىكلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپتۇ. دۇكانلىرىنى تاقىشىپ ئۆيلىرىگە تىقىلىپتۇ. شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىسيانچى دىخانلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى لايىھەسىنى تۈزەپ بولمايلا كېلىۋاتقانلار شەھەرگە يېقىنلاپ كەپتۇ. ئەسكەرلەر، ساقچىلار، كادىرلار يوشۇرۇنۇپتۇ. "ئۇلار نىمە قىلىدىغاندۇ ؟" كادىرلار دىر-دىر تىترىشىپتۇ. بايلار تەسۋىلىرىنى تېز سىرىپ دۇرۇت ئوقۇشۇپتۇ. تۆت ئەتراپىغا ھۇرۇپتۇ.

دىخانلار شەھەرنىڭ كۆۋرىكىگە كەلگەندىن كېيىن سۇ ئامبىرىنىڭ دامبىسىغا چىقىپتۇ. پۇشمان ئوغلى ساۋۇرۇن دەرياسىنىڭ سۈيىنى مۇشۇ تومدىن توساپ قويغان ئىكەن. كەلگەنلەر سۇغا بىر پەس قارىشىپ تۇرغاندىن كېيىن كەينى-كەينىدىن سۇغا سەكرەپتۇ. بىر پەستە سۇنىڭ ئىچى لىق ئادەم بىلەن توشۇپتۇ. ۋارقىراش، كۈلۈش قاپلىغان قىيامەت بولۇپتۇ. دىخانلار سۇنىڭ ئىچىدىن چىققاندا توسمىنىڭ ئورنىدا ھېچنىمە يوق ئىكەن. بىر تال قوزۇقمۇ قالمىغان ئىكەن. نەچچە ۋاقىتتىن يىغىلىپ كېرىلىپ كەتكەن سۇ تۆۋەندىكى يېزىلارغا قاراپ شارقىراپ ئېقىپتۇ.

شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئەھۋالنى چۈشۈنۈپتۇ. خوشال بولۇپ كېتىپتۇ. خۇداغا شۈكرى ھېلىمۇ ئىسيان ئەمەسكەن. بولمىسا شۇنچە دىخانغا قارشى سالدىغان ئەسكەر ساقچى نەدە دەيسەن. ھەممەيلەن يوشۇرنىۋالغان يەرلىرىدىن چىقىپتۇ. شەھەرنىمۇ كۈلكە قاپلاپتۇ. " ھەرنىمە بولسا.... ئامانلىق بولدى " دېيىشىپتۇ........

ئەلى ساپا باي ھۆكۈمەتكە بېرىپتۇ. "بۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇ بىر ئىسيان. بۈگۈن يول قويساق ئەتە يەنە نىمە قىلمايدۇ. بۇنداق بولىۋەرسە ناھىيىنى دىخانلار سورايدىغان بولىۋالامدۇ...." ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئويلىنىپ قاپتۇ. توغرا دىخانلار ھۆكۈمەت بولىۋالسا قانداق بولىدۇ. ھەممە ئىشنى مۇشۇنداق ئەكسىيەتچىل قىلمىشلار بىلەن ھەل قىلىپ ئۈگىنىۋالسا قانۇن نىمگە ئوخشاپ قالىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى قانداق يۈرگۈزىدۇ !؟

ھۆكۈمەت دىخانلارنى تۇتۇشقا ئالدىرىماپتۇ. يېزىلىقلارنىڭ كەلگەن چاغدىكى تەرتىپى قالايمىقانلىشىپتۇ. سۇنى ئالغاندىن كېيىن بىخۇتلىشىپتۇ. كىم نەدە ؟ بۇ قايسى يېزىنىڭ ئادىمى ؟ بىلگىلى بولمايدىكەن. قالايمىقانكەن. ئەمدى قول سالدىغان پۇرسەت كەپتۇ. شۇ چاغدا تۇتۇش بۇيرىقى چىقىرىپتۇ. تۇتۇلغان دىخانلارنى تۈرمىگە قاماپتۇ. ئەسلىدىمۇ جىنايەتچى توشۇپ كەتكەن تۈرمىلەرگە ھېچقانچە ئادەم سىغماپتۇ. مەكتەپ-ئىدارىلەرنىڭ بوش ئۆيلىرىگىمۇ سولاپتۇ. يەنىلا ئېشىپ قاپتۇ. شەھەردىكى چوڭ جامەگىمۇ سولاپتۇ. شەھەردىن بالدۇر كەتكەن دىخانلار "خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ كېتىپتىكەنمىز...تۇتۇلمىدۇق." دېيىشىپتۇ.

سولانغان دىخانلارغا تاماق تۈرماق سۇمۇ بەرمەپتۇ. تۈرمە دىگەندە تاماق ۋە سۇنى قىسىپ ئىدىيەسىنى توغرىلىمىسا بولمايدىكەن. ئاچلىق ئۇسسۇزلۇق دىخانلارنى يەتكۈچە قىيناپتۇ. ئىسسىق تومۇزدا نۇرغۇن ئادەمنىڭ نەپەسلىرى، چوڭ-كىچىك تەرەتلىرى قوشۇلۇپ كامىرلارنى دەھشەت سېسىقچىلىق قاپلاپتۇ.....

شۇ كۈنى كېچىدە ئەلى ساپا باينىڭ يېزىدىكى سارايلىرىغا ئوت قويماقچى بولغان بەش نەپەر قاراقچى قولغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار مۇسلۇ، ئەخمەت باشلىق ۋاي ۋاي يېزىسىدىكى ياشلار ئىكەن. ئۇلارنى ئاتقا سۆرىتىپ شەھەرگە، توشۇپ كەتكەن تۈرمىلەرگە سىغداپ سولاش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىپتۇ.

يېزىنىڭ موتىۋەرلىرى ھاكىمنىڭ، ئەلى ساپا باينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. يېزىلىقلارنى قويىۋەتسە ئۆزلىرىنىڭ ئەتىلا نارلى قىشلاققا كۆچىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ھاكىم بىلەن ئەلى ساپا باي نەچچە يىلدىن بېرى كۈتىۋاتقان بۇ سۆزنى ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاپ ئىچىدە ھەمدۇ-سانا ئېيتىپتۇ. "ماقۇل" دەپتۇ. "ھازىرلا قويۇپ بېرىمىز" دەپتۇ. ئەمما پەرھات ئىمام ، مۇسلۇ باشلىق جىنايەتچىلەر قويۇپ بېرىلمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ گۇناھى ئېغىركەن. ۋەكىللەر باشلىرىنى سالغىنىچە قويۇپ بېرىلگەن دىخانلارنى ئەگەشتۈرۈپ يېزىسىغا قايتىپ كەپتۇ. ھاكىمغا، ئەلى ساپاغا بەرگەن ۋەدىسىنى يېزىلىقلارغا ئېيتىپتۇ. ئۈنگىسىزمۇ ھاياتى مامات بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان يېزىلىقلار بۇ يەردىن تويۇپ تۈرغان ئىكەن. پۈتۈن يېزا كۆچۈشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە كۆچ-كۆچنىڭ ئالدى يولغا چىقىپتۇ. ئوسمان چوڭ بىلەن مۇختار سەييەلى "يېزىدىن باشقا يەرگە بارمايمىز" دېيىشىپتۇ. ئۇلارغا مەيداندىكى چوڭ جۇجەمنىڭ ئاستىغا ئىككى كارۋات قويۇپ بېرىپتۇ. ئىككى قېرى ياقا يۇرتلاردا ئۆلۈپ قېلىشتىن قورقۇپ يېزىسىدا ئۆلمەكچى بولۇپتۇ......

مەمەت يېزىلىقلارنىڭ كۆچۈشكە باشلىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ھەممىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ يېزىلىقلار بىلەن خوشلىشش ئۈچۈن كىيىملىرىنى كىيىپ، قورالىرىنى ئېسىپ يېزىغا بېرىپتۇ. ئوسمان چوڭ ياتقان كارۋاتنىڭ بېشىغا كەپتۇ. بوۋاي كۆزىنىمۇ ئاچمايدىكەن. مەمەت "ئوسمان تاغا....." دەپ چاقىرىپتۇ. بوۋاي كۆزىنى ئاچماپتۇ. ئىگراپ قويۇپتۇ. مەمەت بىلەن بۇرۇنقىدەك "كەلدىڭمۇ شۇڭقارىم" دەپ كۆرۈشمەپتۇ. مەمەت بوۋاينىڭ ئۆزىگە ئاچچىقى بارلىقىنى ھېس قىلىپتۇ......

ھەممە ئادەم ھەتتا ئوسمان چوڭمۇ قاراقچى مەمەت ئاۋاقنى ئەمەس بەلكى ئارزۇيىدىكى ئىشنى قىلىپ بەرگەن ئادەمنى ياخشى كۆرىدىكەن. مەمەت ئاۋاق بۇنى ھېس قىلدىمۇ ياكى ھېس قىلمىدىمۇ بىلمىدىم. ئەمما مەن ئۇنىڭ يۈزىدە قېتىپ تۇرغان ئاچچىق ئەلەمنىڭ كۆلەڭگىسىنى بايقاپ قالدىم.......

مەمەت تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوقكەن. قەمەر ئانىمۇ ئوسمان چوڭغا قارىغان بولىۋېلىپ مەمەتكە سالام قىلماپتۇ. مەمەت ئاستا قىمىرلاپتۇ. كىيىملىرىنى تۈزەپتۇ. قوراللىرىنى تۈزەپتۇ:

- ئوسمان ئاغا، مەندىن رازى بول- دەپتۇ. مەمەتنىڭ ئىككى تامچە يېشى مەڭزىنى بويلاپ ئاققىنىچە ساقاللىرى ئارىسا سىڭىپ كېتىپتۇ. مەمەت ئېتىنى مىنىپتۇ. كەينىگە تويغىچە بىر قارىۋېلىپ ئېتىنى مىنگىچە يېزىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن ئازراق چاڭ ئۆرلەپ كېيىن يوقاپ كېتىپتۇ..........

مەمەت ئاۋاق شۇ ماڭغىنىچە نامازشام بىلەن شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. شەھەر جىنايەتچىلەرنى كەچۈرۈم قىلىپ قويۇپ بەرگەندىن كېيىنكى مەغرۇرلۇق ۋە خوشاللىقتا چۆمگەن ئىكەن. ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلماپتۇ. ئەلى ساپا باينىڭ شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئىشىكنى قېقىپتۇ. "كىمسەن" دەپ سوراپتۇ. "تۇرسۇن ئېۋەتتى. يېزىدىكى سارايىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدىم" دەپتۇ. ئىشىكنى ئېچىپ مەمەتنى ئۆيگە كىرگۈزۈپتۇ ئاندىن باي دەم ئېلىۋاتقان ئۆيگە باشلاپتۇ.

ئەلى ساپا باي يوغان لامپىلارنىڭ يورۇقىدا مامۇق تۆشەككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرۈۋاتقان ئىكەن. مەمەتنى كۆرۈپ:

- ھە كېلە، ئولتۇر. يېزىدىن نىمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ ؟- دەپ سوراپتۇ. مەمەت ئولتۇرماپتۇ:

- مەن مەمەت ئاۋاق - دەپتۇ. ئەلى ساپا باي گېزىتنى نەگە قويۇشنى بىلەلمىگەندەك قېتىپلا قاپتۇ. مەمەت بايغا قارىتىپ كەينى-كەينىدىن ئۈچ پاي ئوق ئېتىپتۇ. ئەلى ساپا باي ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە ئىككى پاي ئوق مەيدىسىگە تېگىپتۇ. ئاخىرقى ئوق گېزىتتىكى رەئىس مۇستاپا كامالنىڭ "ساپان – تۈركىيە تارىخىنى يازىدىغان قەلەم" دىگەن مەشھۇر نۇتىقىنى تېشىپ ئۆتۈپ باينىڭ قوسقىغا تېگىپتۇ.

مەمەت ئاۋاق قانداق تېزلىك بىلەن كىرگەن بولسا شۇنداق تېزلىك بىلەن بايىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپتۇ. قورۇدىكى ئادەملەر نىمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بولغىچە ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ دەگىرمەن ئولۇكنىڭ يولىغا چۈشۈپ بوپتۇ. شەھەردە كۆتۈرۈلگەن ۋاراڭ-چۇرۇڭ كەينىدىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن.

مەمەت يېزىسىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇدىدۇل ئابدى ئاغىنىڭ سارىيىغا كەپتۇ. بۇ قېتىمقىسى مەمەتنىڭ بۇ سارايغا قورال كۆتۈرۈپ ئىككىنچى قېتىم كېلىشى ئىكەن. دەرۋازىنى ئۇرۇپتۇ. "ھەمزە ئاغامنى ئىزدەيمەن" دەپتۇ. ھەمزە ھويلىدا ئىكەن. ئادەملىرىنى دىخانلارنىڭ شەھەردىكى مالىمانچىلىقىنى باستۇرۇشقا ياردەمگە ئېۋەتىۋەتكەن ئىكەن. ئۆزى چىقىپ مەمەت بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. مەمەت "مەن مەمەت ئاۋاق" دەپتۇ. ھەمزە ئالدىغا ياكى كەينىگە مېڭىشنى بىلەلمەپتۇ. مەڭدەپ قاپتۇ. مەمەت ھەمزەنى ئالدىغا سېلىپ يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا ئەكەپتۇ.

مەمەت ئېتىنى چاپتۇرۇپتۇ. ھەمزەنى ئايلىنىپتۇ. توختىماي ئايلىنىپتۇ. بىر چاغدا ئايلىنىپ تۇرۇپ ھەمزەنىڭ بېشىغا ئېتىپتۇ. ھەمزە يىقىلىپتۇ. پۇت-قوللىرى توختىماي تېپچەكلەيدىكەن. مەمەت توختىماي ئېتىپتۇ. ئېتىنى چاپتۇرۇپ ھەمزەنى ئايلىنىپ تۇرۇپ ئېتىۋېرىپتۇ. ھەمزە تۇگۇلۇپ جىمىپ قالغىچە ئېتىپتۇ. ئاخىرىدا توختاپتۇ. ھەمزەمۇ قىمىر قىلمايدىكەن. مەمەتمۇ قىمىر قىلمايدىكەن. ئات مىنىۋالغان ھەيكەلدەك جىمجىت تۇرىدىكەن.

تاڭ سۇزۇلۇپتۇ. بامداتمۇ ئۆتۈپتۇ. مەمەت مىلتىقىنى قولىدا تۇتقىنىچە شۇنداق تۇرىدىكەن. مەمەت بىر نەرسىگە تەشنا ئىكەن، ساقلايدىكەن. كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى ئۇنىڭ ئۇستىگە تېگىپتۇ. بىچارە "تىرىق" قىلغان بىرەر ئاۋازنى ئاڭلاشقا تىرىشىدىكەن. دەگىرمەن ئولۇكنىڭ كوچىلىرى جىمجىت ئىكەن. مەمەت ساقلايدىكەن. كوچىدا بىرمۇ جانلىق كۆرۈنمەيدىكەن. مەمەت قىمىر قىلمايدىكەن. كۈن قىززىپتۇ. مەمەتنىڭ، ئاتنىڭ ئۇستىدىن ھورلار ئۆرلەيدىكەن. بىر نەرسىنى ساقلايدىكەن. ئەمما ساقلىغىنى كەلمەيدىكەن. ھېچكىم كەلمەيدىكەن. مەمەت مىدىر قىلمايدىكەن. خۇددى ھەمزە بىلەن تەڭ ئۆلگەندەك جىممىتە تۇرىدىكەن........

بىر چاغدا كوچىدا بىرسى پەيدا بوپتۇ. مەيدان تەرەپكە قاراپ كەپتۇ. مەمەت ئاق ياغلىق سالغان، قۇلاقلىرىغا ھالقىلىرىنى تاقىغان، بوينىغا زۇننار ۋە مارجانلارنى ئاسقان ھەر خىل يىپلاردىن توقۇغان كەڭرى پوتىسىنى بېلىگە مەھكەم باغلىغان ھۆرى ئانىنى كۆرۈپتۇ. ھۆرى ئانا يىراقتىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى پەرىزاتتەك كۆرۈنىدىكەن. جىمجىت كوچىدا يالغۇز پەرىشتىدەك مىڭىپ كېلىدىكەن. مەمەت ئېتىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ چېپىپتۇ. ئالدىغا بېرىپتۇ. ئىككىسىلا بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپتۇ. ئاندىن ئىككىسىلا يېزىنىڭ ئىچىگە بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك قاراپتۇ. ھېچنىمە كۆرۈنمەپتۇ. ئىككەيلەندىن باشقا ھېچكىم، ھېچنىمە يوقكەن. كوچىدا پەقەت ئىككىسىلا بار ئىكەن. مەمەت ھۆرى ئانىسىغا ئېڭىشىپتۇ:

جېنىم ئانا....مەندىن رازى بول !....- باشقا گەپ قىلالماپتۇ. كۆزىدە بىر زارلىق ، بىر تەلمۈرۈش پارقىرايدىكەن. بوغۇزىدا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك باشقا گەپمۇ قىلماپتۇ. ھۆرى ئانىمۇ گەپ قىلالماپتۇ. كۆزىدىكى ياش لەۋلىرىدىكى كۈلكە گەپ قىلدۇرماپتۇ. نىمە دىيىشنى بىلەلمەپتۇ. مەمەت ئېتىنى بۇراپتۇ. يىراقتا كۆرۈنىۋاتقان ئەلى تېغىغا قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپتۇ....

ھەمزەنىڭ ئۆلىگى مەيداندا ئۈچ كۈن تۇرۇپتۇ. ھېچكىم كەلمەپتۇ. يېزىلىقلار ھەتتا ئۆيلىرىدىنمۇ چىقماپتۇ. ئۈچۈنچى كۈنى پانجار ھۆسۈك بىر ئاغامچىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. ھەمزەنىڭ پۇتىدىن باغلاپ يارداڭلىققا سۆرەپ ئاپىرىپ " ۋاي چىركىن....." دەپ تاشلىۋېتىپتۇ....

دەگىرمەن ئۈلۈك يېزىسىدا تېرىقچىلىقنى باشلاشتىن بۇرۇن چېقىر تىكەنلىككە ئوت ياقىدىغان ئادەت بار ئىكەن. ئۇنتۇلۇپ كېتەي دىگەن بايرامكەن. بۇ يىل ئۇنۇتماپتۇ. چۈنكى ھەمزە تارتىۋالغان يەرلەرنى قايتۇرۇپ ئاپتۇ. كالىلىرىنىمۇ قايتۇرۋاپتۇ. شۇڭا بايرامنى قىلىش كېرەككەن.

ھەممەيلەن چىرايلىق بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ مەيدانغا يىغىلىپتۇ. ئاندىن چېقىر تىكەنلىككە بېرىپتۇ. يېزىنىڭ مويسىپىتلىرى تىكەنلەرگە ئاۋال ئوت يېقىپتۇ. چېقىر تىكەنلىك گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. ئاخىرىدا ھەممەيلەن يېقىپتۇ. ھەممە ئەتراپ گۈلخانغا ئايلىنىپتۇ. يېزىلىقلار ساماغا چۈشۈپتۇ.

بايرام ناغرا چېلىپتۇ. ئوغلى جۇمە سۇناي چېلىپتۇ. ئۇلارنىڭ چالغان نەغمىلىرىنى ئولتۇرۇپ تىڭشىغىلى بولمايدىكەن. تۇرۇپ كېتىدىكەن. غۇلاچنى تاشلاپ ئىختىيارسىز ئۇسسۇلغا چۈشىدىكەن.......

ئاناۋارزا قىپ-قىزىل چايقىلىدىكەن. گۈرۈلدەپ چايقىلىدىكەن. بۇ گۈلخان تاكى ۋاي ۋاي يېزىسىغا قەدەر سوزىلىدىكەن. ھەممە ئەتراپ گۈرۈلدەپ كۆيىدىكەن.

شۇ كېچىسىدىن باشلاپ ئەلى تېغىنىڭ چوققىسىدىمۇ بىر پارچە يورۇقلۇق كۆيۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە كۆيۈپتۇ............

شۇنداق قىلىپ مەمەت ئاۋاق ھەققىدىكى پاراڭنىڭ ئىككىنچى قىسمىمۇ ئاخىرلاشتى.

ئىنشائاللە، ئامانلىق يار بولسا، كېيىنكى قېتىم مەمەت ئاۋاق ھەققىدىكى تېخىمۇ تىراگېدىيىلىك ۋەقەلەر سۆھبىتىمىزدە بولغۇسى.

ھۆرمەت بىلەن: ئابدۇرېھىم ئابلەتخان.

قومۇل شەھەر ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنت.

2011-يىلى 2-ئاينىڭ 10-كۈنى

رەتلەپ ئېلكىتاپ تۈزگۈچى :ئەزىز
چۈشۈرۈش مەنزىلى :http://ak22.blogbus.com